پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار

# ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى

جۇ گوشىڭ



مىللەتلەر نەشرىياتى

پەنني بلمگه دائر كتابچلار

# ئنسانلارنڭ پەيدا بولۇشى


جۇ گوشڭ يازغان

تەرجمە قلغۇچى: ئوسمان نياز



مللەتلەر نەشرياتى



www.uyghurkitap.com

# «پەننى بىلىمگە دائىر كىتاپچىلار» تەھرىر ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى

ئوبۇل ئىسلام

يىن ۋېيخەن

بيەن دېپېي

شى موجۇاڭ

جاڭ چىڭ

لىن جۈگۇاڭ

جاڭ داۋيى

شىن جۈ

گاۋ جۇاڭ

سەي جىڭفېڭ

چېن تيەنچاڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىسقىچە مەزمۇنى

ئادەم (ئىنسان) قانداق پەيدا بولغان؟ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان، بۇ مەسىلە كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى چۇلغاپ كەلگەندى. يېقىنقى نەچچە 10 يىل مابەينىدە، ئىنسانلار تاشقاتمىسىنىڭ كۆپلەپ بايقىلىشى بىلەنلا ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ سىرى تەدرىجىي ھالدا ئېچىلىشقا باشلىدى. ئاپتور بۇ كىتابچىدا، سىزگە ئەنە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىلىملەرنى تونۇشتۇرىدۇ ھەمدە ئىنسانلار تارىخى ئۇستىدىكى تەتقىقاتتا ئۇچرىغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزىدۇ.

# تەھرىر ھەيئىتىدىن

بىز «پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار»نى تۈزۈشتە، پارتىيە 12 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى تەلەپلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدىكى كەڭ خەلق ئاممىسى ئىچىدە، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەر ئىچىدە پەننىي بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش، دائىم كۆرۈلىدىغان تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ۋە ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئىلمىي رەۋىشتە چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق كەڭ كىتابخانلارغا ئىلھام بېرىپ، ئۇلاردا ئىلمىي ھەقىقەت ئۈستىدە ئىزدىنىدىغان ھەۋەس قوزغاشنى مەقسەت قىلدۇق.

بىز مۇشۇ ئارزۇ بىلەن، مۇناسىۋەتلىك مۇتەخەسسىسلەرگە ۋە پەننى ئومۇملاشتۇرۇش جەھەتتە نەتىجە ياراتقان بەزى يازغۇچىلارغا بۇ كىتابچىلارنى يازدۇردۇق. ئۇلار بۇ كىتابچىلارنى ئىنتايىن زور قىزغىنلىق بىلەن يازدى ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ، كىتابخانلارغا بەزى ئاساسىي پەننىي بىلىملەرنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇنى

قىستۇرما سۈرەتلەر بىلەن چۈشەندۈرۈشكە، ئۇقۇمۇشلۇق قىلىشقا، شۇ كىتابچىدا چېتىلىدىغان پەن تارماقلىرىنىڭ يېڭى ئەھۋال، يېڭى كۆز قاراش ۋە يېڭى نەتىجىلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشكە تىرىشتى.

بۇ كىتابچىلار يۇقىرى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە ئىشچىلار، دېھقان ـ چارۋىچىلار، ياش ـ ئۆسمۈرلەر، يۇقىرى باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئاساسىي ئوبيېكت قىلىدۇ، شۇنداقلا بۇ كىتابچىلارنى ئوتتۇرا ۋە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتۇشىدا پايدىلانما قىلىشمۇ، دەرستىن سىرتقى ئوقۇش كىتابى قىلىشمۇ بولىدۇ.

بۇ كىتابچىلار دەسلەپكى قەدەمدە ئاسترونومىيە، يەر ئىلمى، بىئولوگىيە ۋە ئىجتىمائىي پەن ساھەلىرىگە چېتىلىدىغان 30 خىلدىن تەركىب تاپتى، خەنزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق ۋە چاۋشيەنزۇ يېزىقلىرىدا نەشر قىلىندۇ.

بۇ كىتابچىلارنى تۈزۈپ نەشر قىلىش خىزمىتى دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتى ۋە جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىشلەندى. كونكرېت خىزمەتلەردە جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا جەمئىيىتى پەننى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى بۆلۈمى، جۇڭگو پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىجادىيىتى تەتقىقات ئورنى، مىللەتلەر نەشرىياتى، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، پەننى ئومۇملاش-تۇرۇش نەشرىياتى، گېئولوگىيە نەشرىياتى، جۇڭگو ئۆسمۈرلەر

نەشرىياتى، بىيجىڭ رەسەتخانىسى، بېيجىڭ تەبئەت مۇزېيى، جۇڭگو تىبابەتچىلىكى تەتقىقات ئورنى، دۆلەت مېتېئورولوگىيە ئىدارىسى، بېيجىڭ پەننىي تەربىيە كىنو ستۇدىيىسى قاتارلىق ئورۇنلار بىزنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى. بۇ يەردە بىز يۇقىرىدا نامى ئاتالغان ئورۇنلارغا، بۇ خىزمەتكە قاتناشقان ئاپتورلارغا ۋە يولداشلارغا چىن كۆڭلىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا بۇنداق كىتابچىلارنى تۈزۈشىمىز تۇنجى قېتىملىق ئىش بولدى، تەجرىبىمىز يوق، خىزمىتىمىزدە كەمچىلىك ـ خاتالىقلار بولۇشى مۇمكىن، كىتابخانلار ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆرسىتىپ بېرىشىنى ۋە ياردەم قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

«پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار» تەھرىر ھەيئىتى

1984 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

كىرىش سۆز ........................................ ( 1 )
1. ئادەم ــ ھايۋان ........................................ ( 3 )
1. دۇنيادىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر خىللا
ماددا تۈرىگە مەنسۇپ ........................................ ( 4 )
2. ئادەم ــ ئومۇرتقىلىق ھايۋان ........................................ ( 6 )
3. ئادەم ــ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان ........................................ ( 8 )
4. ئادەم ــ پىرىمات تۈرىدىكى ھايۋان ........................................ ( 9 )
5. ئادەممۇ بىر خىل ئادەمسىمان مايمۇن ھېسابلىنىدۇ ........................................ ( 11 )
6. ئادەمنىڭ قايسى خىل مايمۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى
ئەڭ يېقىن؟ ........................................ ( 20 )
7. ھايۋان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ........................................ ( 31 )
2. ئادەم ــ ئالاھىدە ھايۋان ........................................ ( 43 )
1. ئادەمنىڭ تەن قۇرۇلمىسىدا ئەكس ئېتىدىغان ئالاھى-
دىلىكلەر ........................................ ( 45 )
2. ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ھەم ئىشلىتىش ئادەمنىڭ
ئۆزىگە خاس پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ ........................................ ( 48 )
3. ئالاھىدە ھايۋان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدابولۇشى
ــــ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە

ئايلىنىشى ............................................ ( 55 )
1. ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى..................... ( 56 )
2. مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىككى خىل تەدرىجىي تەرەققىيات شەجەرىسى...................................... ( 61 )
3. قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشى — ئىككى خىل سۇپەت ئۆزگىرىشى..................... ( 64 )
4. ئادەم ئۆزىنىڭ ئالاھىدە گەۋدىسىگە قانداق ئېرىشكەن؟ ........................................................... ( 73 )
4. هازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى ...... ( 82 )
1. جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى (مايمۇنسىمان ئادەم)...... ( 83 )
2. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم .......................... ( 98 )
3. تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم .......................... (111)
5. جۇڭگو ئادىمىنىڭ پەيدا بولۇشى ...................... (129)
6. ئاخىرقى سۆز ........................................ (152)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكى ئادرېسى

# كىرىش سۆز

ئۆزەڭنى چۈشەن.
— قەدىمكى يۇنانىنىڭ ھىكمەتلىك سۆزى.

ئۇلۇغ رۇس ئەدىبى گوركى مۇنداق دەپ ئاپىرىن ئوقۇغانىدى:

"پاھ، ئادەم! نېمىدېگەن ئېپتىخارلىق نام!"

ئادەم، ئادەم دېگەن نېمە؟ ئادەم — جانلىق مەۋجۇدات، شۇنداقلا بىر خىل ھايۋان؛ ئەمما ئۇ ئادەتتىكى، تار مەنىدىكى ھايۋان ئەمەس، ئادەم — بىر خىل ئالاھىدە ھايۋان. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى مۇنۇ جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ: ئۇ ئۆز ئەتراپىدىكى دۇنيانى تونۇيالايدۇ ھەم دۇنيانى ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدىكى بىلىشى ئارقىلىق پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتەلەيدۇ. بۇ ئادەتتىكى ھايۋانلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ، مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىزنىڭ پەخىرلىنىشىمىزگە كۇپايە قىلىدۇ.

ئادەم ھايۋاندۇر، ئۇ جانلىق مەۋجۇداتلار تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى، ئادەم — ئالاھىدە جانلىق مەۋجۇدات، ئۇنىڭدا ئۆزگىچە خاس تەدرىجىي تەرەققىيات

شەكلىنىڭ بولىدىغانلىقى مۇقەررەر. ئىنسانلار قانداق كېلىپ چىققان؟ يەنە كېلىپ ئىپتىدائىي ئىنسانلار قانداق تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان؟ بىز جۇڭگولۇقلارچۇ، قانداق پەيدا بولدۇق؟ بىزنىڭ بۇ كىتابتا سىزنى ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدە خەۋەردار قىلماقچى بولغىنىمىز ئەنە شۇلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورىنى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 1. ئادەم ــ هايۋان

بىز ياشاۋاتقان دۇنيا ــ ماددىي دۇنيا، ئۇ ئۆزلۈكسىز هەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ هەم تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ.

ماددىي دۇنيا ئانئورگانىك ماددا، ئورگانىك ماددا ۋە ئورگانىك جانلىقلاردىن تەركىب تاپقان. جانلىق مەۋجۇدات هايات نېگىزى دېمەكتۇر، ئۇ ماددا ئالەمىشىش رولىغا ئىگە. ئۇ ئۇزاق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە، ئاددىيلىقتىن مۇرەككەپلىككە تەرەققىي قىلىپ، ناهايىتى زور جانلىقلار ئالەمىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. گەرچە هەممە جانلىقنىڭ جۈغى چوڭ-كىچىك، شەكلى هەر خىل بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىلىم-پەندە ئۆز تۈرلىرى بويىچە تەتقىق قىلىنىدۇ.

ئۇلار ئالدى بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئاساسىي بىرلىك سۈپىتىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، "ماددا تۈرى" ياكى "تۈر" دەپ ئاتىلىدۇ. هەربىر تۈر تەركىبىدىكى ئەزالار ئۆزئارا ئەركىن جۈپلىشەلەيدۇ هەم پەرزەنت تېپىش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەۋلاد تاپالايدۇ، لېكىن ئوخشاش بولمىغان تۈرلەر تەركىبىدىكى ئەزالار ئۆزئارا خالىغانچە جۈپلەشسە بولمايدۇ، ئۇلار

ئەۋلاد تاپقان تەقدىردىمۇ، بۇ ئەۋلادلار يېتىلەلمەيدۇ.

يېقىن قانداش تۇرلەر نۇرغۇن ئوخشاش خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولىدۇ، بۇنىڭدىن چوڭراق تۇر بىرلىكى — ئۇرۇقداشلىق ھاسىل بولىدۇ، "ئۇرۇقداشلىق"تىن يەنە تېخىمۇ چوڭراق بولغان "ئائىلە" ھاسىل بولىدۇ، مۇشۇ تەرتىپ بويىچە ئىلگىرىلەپ "تۇركۇم"، "سىنىپ" ھەم "تىپ"لار ھاسىل بولىدۇ. تۇرلەرگە ئايرىشنىڭ مۇشۇ دەرىجىسىمۇ كۇپايە قىلماي، يەنە "كەنجى"، "پەۋقۇلئاددە" دېگەندەك ئىككىنچى دەرىجىلىك قۇرۇلمىلار، مەسىلەن، "كەنجى ئائىلە"، "پەۋقۇلئاددە ئائىلە" دېگەندەك تۇرلەرنىمۇ قوشۇشقا توغرا كېلىدىغان چاغلار بولىدۇ.

ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەربىر خىلىنىڭ قايسى تىپ، سىنىپ، تۇركۇم، ئائىلە، ئۇرۇقداشلىق ۋە تۇرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىۋالغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنىنى ئېنىقلىغىلى بولىدۇ.

## 1. دۇنيادىكى خىلمۇخىل ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بىر خىللا مادداي تۇرگە مەنسۇپ

ئالىملار باشقا ھايۋانلارنى قانداق يول بىلەن تەتقىق قىلسا، ئادەملەرنىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش يول بىلەن تەتقىق قىلىدۇ.

ئادەم ھەقىقەتەن ھايۋاندۇر، ئۇنىڭ گەۋدىسى، نەپەس ئېلىشى، ھەزىم قىلىشى، سۇيۇقلۇق چىقىرىشى ۋە كۆپىيىش ئىقتىدارى جەھەتتىن قايسىبىر يىرى ھايۋانغا ئوخشايدۇ؟ زوئولوگلارنىڭ نەزىرىدە، ھازىرقى زامان ئادەملىرى قانداق ھايۋان سانىلىدۇ؟ ئۇلار ئادەمنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

بويىنىڭ ئېگىزلىكى: قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ بويى 1.2 مېتردىن 2.0 مېتىرگىچە بولىدۇ؛

تېرە ۋە چېچىنىڭ رەڭگى: كۆپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئاچراق رەڭدىن تاكى قارا رەڭگىچە بولىدۇ؛

تۈكى ۋە چېچى: قولتۇق تۈكى ۋە جىنسىي ئەزاسىنىڭ تۈكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بەدىنىنىڭ باشقا قىسىملىرىدا تۈك ئاز بولىدۇ، چېچى ئۇزۇن بولىدۇ، قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ساقال-بۇرۇتى بولىدۇ؛

ھەرىكەت شەكلى: ئۆرە ماڭىدۇ؛

ئوزۇقلىنىشى: ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ، يېمەكلىكى مېۋە، كۆكتات ۋە گۆش قاتارلىقلار بولۇپ، ئادەتتە ئۇلارنىڭ پىششىقىنى يەيدۇ.

جايلىشىشى: دۇنيانىڭ ھەممە يېرىگە جايلاشقان.

دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى سېرىق تەنلىك، ئاق تەنلىك، قوڭۇر تەنلىك قارا تەنلىك بولۇشىغا قارىماي، بىئولوگىيىدە بىر تۈرگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى چۈشىنىشلىك، چۈنكى ئىرقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا ئەركىن نىكاھلىنالايدۇ، ئۇلاردىن تۇغۇلغان

شالغۇت بالا چوڭ بولغاندىن كېيىن پەرزەنت كۆرۈش جەھەتتىن نورمال ئىقتىدارغا ئىگە بولىدۇ. ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىئولوگىيىدە بىر تۈرگە مەنسۇپ، تۈرنىڭ نامى "ئاقىل ئادەم" دەپ ئاتىلىدۇ.

سېرىق تەنلىك جۇڭگولۇقلار، ئاق تەنلىك فرانسۇزلار، قارا تەنلىك كونگولۇقلار ھەم قوڭۇر تەنلىك ئاۋستراليەلىكلەر ئەگەر قولتۇقلىشىپ تېيەنئەنمېن مەيدانىدا سەيلە قىلسا، سىز ئۇنىڭدىن ھەرگىز ئەجەبلىنىپ كەتمەيسىز، ئۇلار تەن رەڭگى ۋە تەقى-تۇرقىدىن خېلى پەرقلەنگىنى بىلەن، بىئولوگىيىدە ئوخشاش بىر تۈرگە — ئاقىل ئادەم تۈرىگە كىرىدۇ.

## 2. ئادەم — ئومۇرتقىلىق ھايۋان

بارلىق ھايۋانلار ئۆز تېنىدە ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ (ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ) بار-يوقلۇقىغا قاراپ چوڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ، ئومۇرتقا سۆڭىكى بارلىرى، مەسىلەن، بېلىق، پاقا، يىلان، قۇش، ئىت ۋە باشقىلار "ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار" ھېسابلىنىدۇ؛ قۇرۇلمىسى بۇنداق ئەمەسلىرى، مەسىلەن، كېپىنەك، ئۆمۈچۈك ۋە قۇلۇلىلەر ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇرتقا تۈۋرۈكى نۇرغۇن يەككە ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ تۇتىشىشىدىن ھاسىل بولغان بولۇپ، ئۇ ھايۋانلار تېنىنىڭ

تىسرىكىدۇر، ئەنە شۇ تىرەك بولغانىدىلا ھايۋانلارنىڭ تېنى مۇستەھكەم ـ كۈچلۈك بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇ يۇلۇن بىلەن ئىچكى ئەزالارنى قوغ-داش رولىنى ئوينايدۇ. ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىككە ئىگە، يەنى ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستې-مىسى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مېڭە ۋە يۇلۇنغا ئايرىلغان.

ئۆزىمىزنىڭ دۈمبىمىزنى سىلىساق، بىزدىمۇ ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، شۇڭا ئادەممۇ ئومۇرتقىلىق ھايۋان ھېساب-لىنىدۇ.



1 ـ 1 ـ رەسىم. ئومۇرتقىلىق ھاي-ۋانلارنىڭ ھەممىسىدە بىر دانىدىن ئومۇرتقا سۆڭىكى بار ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان سىزما.

ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئەجدادتىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ پەيدا بولغان.



www.uyghurkitap.com

## 3. ئادەم ــ سۈت ئەمگۈچى ھايۋان

ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار بېلىقلار، قوش ماكانلىق جانىۋارلار، ئۆمىلىگۈچىلەر، قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈچىلەر دەپ ئايرىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسىدا بەزىبىر ئورتاق ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ،



2 ــ 1 ــ رەسىم. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى تۈكلەر.



3 ــ 1 ــ رەسىم. ئادەمنىڭ ئوتتۇرا قۇلىقى باشقا سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈچ پارچە كىچىك ئاڭلاش سۆڭىكى بولىدۇ.



4 ــ 1 ــ رەسىم. سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئانىلىق تېنىدە بولىدىغان سۈت بېزى.

www.uyghurkitap.com

بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم يېقىن قانداش ھايۋانلار شۇنىڭغا يارىشا تۈرلەرنى ھاسىل قىلىدۇ.

ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر تۈرى پۈتۈنلەي تۈكلۈك كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ تېرىسى ئاستىدا ماي قەۋىتى ۋە تەر بېزى بولىدۇ، ئەنە شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ تېنى مۇقىم ئىسسىق تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرا قۇلىقىدا ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۈچ پارچە كىچىك ئاڭلاش سۆڭىكى بولىدۇ، بولۇپمۇ ئانىلىق تېنىدە سۈت بېزى بولىدۇ. بوۋاق ياكى تۆرەلمىلەر تۇغۇلغاندىن كېيىن ئانا تېنىدىكى سۈت بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، مۇشۇ خىلغا كىرىدىغان ھايۋانلار سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلاردۇر.

بۇنىڭغا ئوخشاش ئالاھىدىلىكلەر ئادەمدىمۇ بارغۇ؟ شۇڭا ئادەممۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋاندۇر. دېمەك، ئادەمنىڭ كالا، قوي، توشقانلار بىلەن بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئۇلارنىڭ بېلىق ۋە قۇشلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن كۆپ يېقىن بولىدۇ.

ئادەم بىلەن باشقا ھەممە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر.

## 4. ئادەم — پىرىمات تۈرىدىكى ھايۋان*

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارمۇ ھەر خىل تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ،

* ئەمچەكلىك ھايۋانلارنىڭ يۇقىرى تۈركۈمى. — ت.

ئۇلارنىڭ بىر خىلى ناھايىتىمۇ ئالاھىدە بولۇپ، قول ۋە پۇتىنىڭ بارماقلىرىدا ئۇچلۇق تىرناق بولماي، ياپىلاق تىرناق بولىدۇ؛ ئۇلارنىڭ باش مالتىقى (ياكى پۇتىنىڭ باش مالتىقى) قول ۋە پۇتىنىڭ باشقا تۆت بارمىقىغا تىگەلەيدۇ، شۇڭا بارماقلار يۇمۇلالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى جاغلىرىنىڭ ھەرقايسىسىدا تۆت



1 ـ 5 ـ رەسىم. پىرىماتلارنىڭ قول ۋە پۇت بارماقلىرىدا ياپىلاق تىرناق بولىدۇ، (ئۈستۈنكى رەسىمدىكىدەك). باش مالتاقلار باشقا تۆت بارماق بىلەن بىللە يۇمۇلالايدۇ (ئاستىنقى رەسىمدىكىدەك).



1 ـ 6 ـ رەسىم. ئادەمنىڭ باشقا پىرىمات تۈرىدىكى ھايۋانلارنىڭكىگە ئوخشاش، ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى جاغلىرىنىڭ ھەرقايسىسىدا تۆت دانىدىن كۆرەك چىش بولىدۇ.

داندىن كۆرەك چىش بولىدۇ. بۇنداق سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار پىرىمات تۈرىدىكى ھايۋانلار دەپ ئاتىلىدۇ.

پىرىماتلار بىرمۇنچە تۈرلەرنى جۈملىدىن خىلمۇخىل مايمۇنلارنى ۋە ئادەمسىمان مايمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە بىز مايمۇن بىلەن ئادەمسىمان مايمۇننى ئوخشاش ھېسابلاپ، دائىم ئارىلاشتۇرۇۋېتىمىز، ئەمەلىيەتتە بۇلار بىر - بىرىگە ئوخشىمايدۇ. مايمۇننىڭ تۈلكىسىمان مايمۇن، كۆزەينەكلىك مايمۇن (پالكۆز مايمۇن) دېگەندەك تۆۋەن دەرىجىلىك تۈرلىرى، ماكاكا، يايلىلىق مايمۇن، پاۋىئان دېگەندەك ئالىي تۈرلىرىمۇ بار. ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ گورىللا (ئورانگۇتان)، ئادەمسىمان قارا مايمۇن (شىمپەنزە)، ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇن (ئورانگۇتان) ھەم ئادەمسىمان ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇن دېگەندەك تۆت تۈرى بار.

بىز قول ۋە پۇتىمىزنىڭ تىرناقلىرىغا، چىشىمىزغا قارايدىغان بولساق، ئۆزىمىزنىڭ پىرىماتلارنىڭ باشقا ئەزالىرىدىن ھېچقانداق ئۆزگۈچىلىكىمىز يوق ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، دېمەك، بىزمۇ پىرىمات تۈرىدىكى ھايۋانلارمىز.

پىرىمات تۈرىدىكى باشقا ھايۋانلار بىلەن ئادەمنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بىر.

## 5. ئادەممۇ بىر خىل ئادەمسىمان مايمۇن ھېسابلىنىدۇ

ئادەمسىمان مايمۇن بىلەن مايمۇن تەقى - تۇرقى جەھەتتە

ئېنىق پەرقلىنىدۇ، مايمۇننىڭ قۇيرۇقى، قوۋۇزى، ساغرد-سى — ساغرىسىدىكى ئوچۇق قادىقى بولىدۇ. ئادەمسىمان مايمۇنلاردا ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇنلاردەك ساغرا قادىقى بولغاندىن تاشقىرى، مايمۇنلاردا بولىدىغان يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەر بولمايدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭمۇ تۆۋەندىكىدەك ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلىرى بار:

مەسىلەن، ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئېزىق چىشىدا "Y" شەكىللىك ئېرىقچە سىزىقلار بىلەن ئايرىلغان نۇرغۇن چىش ئۇچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ قۇيرۇقى بولمايدۇ، تارغاق سۆڭىكى مايمۇنلارنىڭ تارغاق سۆڭىكىگە ئوخشاش مۇرىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولماي، دۈمبىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان بولىدۇ.



7 ـ 1 ـ رەسىم. ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئېزىق چىشىدىكى Y شەكىللىك ئېرىقچە سىزىقلار.



8 ـ 1 ـ رەسىم. ئادەمنىڭ ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭكىگە ئوخشاش دۈمبىنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان تارغاق سۆڭىكى.

ئادەم ئادەمسىمان مايمۇنلارغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئوخشاشلىقى يۇقىرىقىدەك سىرتقى ئالاھىدىلىكلەردىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن، تەنىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرىدا، مەسىلەن، ئىسكىلىت، مۇسكۇل ۋە ئىچكى ئەزالارنىڭ تىزىلىش شەكلىدە، چوڭ مېڭە، بالا ھەمراھى ۋە سازاڭسىمان ئۆسۈكچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغان قان تىپى بولىدۇ، بۇمۇ باشقا ھايۋانلاردا (جۈملىدىن مايمۇنلاردا) بولمايدىغان ئالاھىدىلىك.

تەنىنىڭ تۈزۈلۈشىدىكى ئوخشاشلىق، كۆپ ھاللاردا فۇنكسىيە ھەرىكىتىدىكى ئوخشاشلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، ئادەم، ئادەمسىمان مايمۇنلارغا ئوخشاش، ئەڭ قەدىمكى زاماننىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا، ئوخشاش ھەرىكەت شەكلى — "بىلەك ھەرىكىتى ئۇسۇلى"نى، يەنى دەرەخلەر ئارىسىدا ئىككى قولىنى دەرەخكە ئىلىۋېلىپ، خۇددى گۈلەڭگۈچتە ئۇچقاندەك ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغان.

بارلىق ئادەمسىمان مايمۇنلار جۈملىدىن ئادەملەر ئورگانىزمىدا بىلەك ھەرىكىتىنىڭ ماسلىشىشچانلىق ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، ئۇ ئاساسلىقى بويۇنىنىڭ تۆۋەنىدىن بەلىنىڭ يۇقىرىسىغىچە بولغان قىسمىدىكى گەۋدىدە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا بىلەك ۋە قوللارنىڭ تۈزۈلۈشىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

مەسىلەن، ئۇلارنىڭ بىلەكلىرى ۋە قوللىرى ئۇزۇن، بارماقلىرى ئېلىمەكسىمان بولۇپ، باش مالتىقى نىسپىي ھالدا كىچىكرەك بولىدۇ. ئادەمنىڭ قولى ئەسۋابلارنى ئىشلىتىشكە ۋە جوڭقۇرۇشقا ماسلاشقانلىقتىن، باش بارمىقى ئۇزارغان، بىراق نەرسىلەرنى تۇتقاندا يەنىلا پۈتۈن ئالقىنىنى يۇمۇپ سىقىملاپ تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكىنىڭ باش قىسمى ئىچ تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ، يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكى بىلەن تۇتىشىدىغان تارغاق پەللىسى بولسا سىرتقا قاراپ ئېغىز ئاچقان ھالەتتە تۇرىدۇ؛ ئەمما تۆت پۇتى بىلەن ماڭىدىغان مايمۇنلارنىڭ يۇقىرىقى بىلەك سۆڭىكى ئارقا تەرەپكە، تارغاق پەللىسى بولسا ئالدى تەرەپكە قاراپ تۇرىدۇ.

ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلار يەلكىسىنىڭ كەڭ بولۇشى قولنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى كېڭەيتكەن ۋە ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە پايدىلىق بولغان. ئۇلاردا ئۇزۇن ھەم يوغان ئومۇرەك سۆڭىكى. قىسقا، ياپىلاق ھەم كەڭ تۆش سۆڭىكى بولىدۇ، بۇلار پۈتۈن كۆكرەكنى كېڭەيتكەن، ئالدى-كەينىنىڭ دىئامېترىنى بولسا قىسقارتقان. ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ كۆكرەك قىسمى ئىچىگە ئېگىلگەن بولۇپ، تارغاق سۆڭىكى دۈمبە قىسمىغا جايلاشقان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ بەل ئومۇرتقىسىمۇ قىسقا بولۇپ، ئاستىنقى بېلى توققۇز كۆز ئومۇرتقىسىغا يېپىشىپ تۇرىدۇ. بەل قىسمى قىسقارغاندىن كېيىن، كۆكرەك داس سۆڭىكىگە يېقىنلاشقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوۋۇرۇقى يوقالغان، مانا بۇلار

ۋدىنىڭ دەرەخلەرگە ئېسىلىپ ھەرىكەت قىلىشىغا پايدىلىق لغان. ئەلۋەتتە، مۆرىدىكى مۇسكۇللارمۇ بىلەك ھەرىكىتىگە ـلىشىش يۈزىسىدىن ئۆزگىرىش ياسىغان ھەم كۈچەيگەن.

ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ بىلەك ھەرىكىتىدىكى ـلىشىشچانلىق ئۆزگىرىشىنىڭ زادى ئورتاق ئەجدادتىن غانلىقى ياكى ئوخشاش ھەرىكەت شەكلىگە ماسلىشىش قىلىق ئۆز ئالدىغا ھاسىل بولغانلىقى ھازىر ئىلىم-پەن ھەسىدە تېخى تولۇق ئېنىقلانغىنى يوق.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، مولېكۇلا بىئولوگىيىسىنىڭ ەقىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىلگىرىكى ئاناتومىيىلىك بئولوگىيە بويىچە ۋە توقۇلما ئېمبرىئولوگىيە بويىچە ماكرو ھەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات ھۆجەيرە ئىچىدىكى شاق قۇرۇلمىلار بويىچە مىكرو جەھەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان قىقاتقا تەرەققىي قىلدى، ھەتتا ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مۇنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى مولېكۇلا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ دەلمەكتە.

ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى مولېكۇلا بىئولوگىيىسى تىسىدا تۇرۇپ تەتقىق قىلىشتىن يېڭى بىر خىل پەن تارمىقى— لېكۇلا ئادەمشۇناسلىقى ھاسىل بولدى. مولېكۇلا ئادەم- ناسلىقىنىڭ تەقدىم قىلغان يېڭى ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ـم-پەن ساھەسىدە، ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇندا قەتەن يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەن-




9 ـ 1 ـ رەسىم. گورىللا بىلەن ئادەم ئىسكىلىتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

لىكىنى ئىسپاتلايدىغان تېخىمۇ نۇرغۇن دەلىللەر بارلىققا كەلدى.

مەسىلەن، بارلىق پىرىماتلارنىڭ قېنىدا ”قان قىزىل ئاقسىلى“

(ھېموگلوبىن) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل ئاقسىل بولۇپ، ئۇ ئۆپكىدىكى ئوكسىگېننى بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىمىدىكى توقۇلمىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ. ئاقسىل ئامىنو كىسلاتاسىدىن ھاسىل بولغان ماددىدۇر، ئامىنو كىسلاتاسى جەمئىي يىگىرمە خىلغا يېتىدۇ، ھەر خىل ئاقسىللار ھەر خىل مىقداردىكى ئامىنو كىسلاتالىرىنىڭ ھەر خىل رەت بويىچە بىر-بىرىگە تۇتىشىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، بۇ ئامىنو كىسلاتالىرى ئالدى بىلەن بىر-بىرىگە تۇتىشىپ، پېپتىد زەنجىرى دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل زەنجىرسىمان قۇرۇلمىنى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن بۇ پېپتىد زەنجىرلىرىنىڭ بىر-بىرى بىلەن چىڭ باغلىنىشىدىن ئاقسىل ھاسىل بولىدۇ.

ھازىر شۇنىسى مەلۇم بولدىكى، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ قان قىزىل ئاقسىلى 574 ئامىنو كىسلاتاسىدىن تەركىب تاپقان تۆت پېپتىد زەنجىرىدىن ھاسىل بولغان. ھەر خىل پىرىماتلارنىڭ قان قىزىل ئاقسىلىدا ئىككى خىل پېپتىد زەنجىرى بولۇپ، بىر خىلى ئالفا (a) زەنجىرى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ كۆپ ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ؛ يەنە بىر خىلى بېتتا (ß) زەنجىرى دەپ ئاتىلىدۇ، پىرىماتلاردا بۇ خىل زەنجىرنىڭ ئۆزگىرىشى كۆرۈنەرلىك بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇ زەنجىردە ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇندىكى پەرق ئادەم بىلەن مايمۇنلاردىكى پەرقتەك چوڭ بولمايدۇ، بۇ ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى

ئىپادىلەيدۇ.

مولېكۇلا ئادەمشۇناسلىقى بۇ خىل قانداشلىق مۇناسىۋىتىنى جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت ماددىسى ئارقىلىق تەتقىق قىلىدۇ.

جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت ماددىسى ئاساسەن يادرو كىسلاتاسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئورگانىزمىدىكى ئىرسىي ئالاھىدىلىكىنى ئاساسەن يادرو كىسلاتاسى بەلگىلەيدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىرسىي ئۇچۇرنى دېئوكسىرىبوزا نۇكلېئىك كىسلاتا (DNA) ئېلىپ يۈرىدۇ، DNA ئاساسەن ھۈجەيرە يادروسىنىڭ ئىچىدىكى "بويالغۇچى تەنچە (خروموسوما)" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يىپسىمان تەنچىنىڭ ئىچىدە بولىدۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، ئادەم تېنىنىڭ ھۈجەيرىلىرىدە 46 دانە، گورىللادا 48 دانە، ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇندا 44 دانە بويالغۇچى تەنچە بولىدىكەن. مايمۇنلاردىكى بويالغۇچى تەنچىنىڭ سانى ئادەملەرنىڭكىگە ناھايىتى يېقىن كېلىدىكەن. تەتقىقاتلار ئارقىلىق شىمپەنزە DNA قۇرۇلمىسىنىڭ ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان يېرى پەقەت 2.5 پىرسەنت ئىكەنلىكى، مايمۇنلار بىلەن ئادەملەردىكى پەرق 10 پىرسەنتتىن يۇقىرى ئىكەنلىكمۇ ئىسپاتلاندى.

گورىللا ئادەمگە ھەقىقەتەن ئوخشاپ كېتىدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئالىبۇرۇنلا "ئادەمسىمان مايمۇن" دەپ ئاتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئەمەلىيەتتە، ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئەنە شۇنداق

يېقىن كېلىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى كۆپ، بۇ ھال ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا[1]، ئادەممۇ بىر خىل مايمۇن ھېسابلىنىدۇ، جانلىقلار كلاسسىفىكاتسىيىسى (جانلىقلارنى تۈرگە ئايرىش ئىلمىي)دە، ئادەم بىلەن مايمۇنلار بىر گەۋدىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ ھەممىسى "ئادەم سىياقىدىكىلەر پەۋقۇلئاددە ئائىلىسى" ياكى "ئادەمسىمان مايمۇنلار پەۋقۇلئاددە ئائىلىسى"نىڭ ئەزاسى سۈپىتىدە ھېسابلانغانلىقىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

بۇنىڭدىن يۈز نەچچە يىل ئىلگىرى، ئەنگلىيىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىچىسى ئۇلۇغ دارۋىن ئەينى ۋاقىتتا پەن-تېخنىكا ساھەسىدە ئېرىشىلگەن دەلىل-ئىسپاتلارغا ئاساسەن، "ئادەم بىلەن مايمۇننىڭ ئەجدادى بىر" دېگەن نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئادەم بىلەن مايمۇندىكى ئوخشاشلىقنىڭ شۇ قەدەر كۆپ بولۇشى ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، ئۇلار ئەڭ قەدىمكى ئورتاق ئەجداد — قەدىمكى مايمۇندىن ۋۇجۇدقا كەلگەن، ھازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنلىرى بولسا ئادەملەرنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشى دەپ قارىغانىدى.

ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەتقىقاتى بۇ نەزەرىيىنىڭ ئىشەنچلىك نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى، جانلىقلارنىڭ پەيدىنپەي ئۆزگىرىشى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئادەممۇ بىر خىل مايمۇن

ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى، بۇ ئازراقمۇ ئاشۇرۇۋەتكەنلىك بولمايدۇ.

## 6. ئادەمنىڭ قايسى خىل مايمۇن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن؟

هازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنلىرى ئادەملەرنىڭ بىر نەۋرە قېرىندىشىدۇر. ئۇلاردىن قايسىلىرى ئىنسانلارغا ئەڭ يېقىن كېلىدۇ، بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېخىمۇ پايدىلىق.

هازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنلىرى تۆت خىل بولۇپ، ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇن بىلەن قوڭۇر مايمۇن ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، شىمپەنزە بىلەن گورىللا ئافرىقىنىڭ مەلۇم رايونلىرىدا ياشايدۇ.



10 ـ 1 ـ رەسىم. ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇن.

ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇن

ئۇ جۇغى ئەڭ كىچىك بولغان تۆۋەن دەرىجىلىك مايمۇن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇنىڭ بويى تەخمىنەن بىر مېتىرچە بولىدۇ، ئۇ دەرەخ ئۈستىدىلا ياشايدۇ، ئۇنىڭ ئالدى بىلىكى ئۇزۇن كېلىدۇ، ئۇ بىلەكلىرى بىلەن ھەرىكەت قىلىشقا ماھىر بولۇپ، دەل-دەرەخلەر ئارىسىدا ناھايىتى تېز سۈرئەت بىلەن سەكرەپ يۈرۈپ، ئۇچار قانات ۋە جانىۋارلارنى تۇتالايدۇ. گاھ-گاھىدا يەرگە چۈشۈپ قالسا، ئۆرە ماڭىدۇ، بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىككى تىزى پۈكۈلۈپ، ئالدىنقى بىلەكلىرى ئېگىز كۆتۈرۈلىدۇ-دە، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ بېرىدۇ. ئۇ ھىندىچىن، مالايا رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان، ئېلىمىزنىڭ شىشۇاڭبەننا بىلەن خەينەندىكى ئارىلدىكى ئىسسىق بەلباغنىڭ نەمكەش



11-1-رەسىم. ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇن.

ئورمانلىقلىرىغىمۇ جايلاشقان، ئەمما ئۇ يەردىكى سانى چەكلىك.

ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇن (ئورانگۇتان)

قوڭۇر مايمۇننىڭ جۇغى چوڭراق بولىدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ ئېگىزلىكى 1.4 مېترگە يېتىدۇ، تەن ئېغىرلىقى 80 كىلوگرام ئەتراپىدا بولۇپ، چىشىلىرى كىچىكرەك بولىدۇ. ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇننىڭ بەدىنىدە تۈك كۆپ ھەم قويۇق بولىدۇ، تۈكىنىڭ رەڭگى سۇس قوڭۇر رەڭ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدى پۇتلىرىمۇ ئۇزۇن بولۇپ، ئۇ ئاساسەن دەرەخ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىدۇ، يەرگە چۈشۈپ قالسا، يېرىم ئۆرە ھالەتتە ماڭىدۇ. ئۇنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى گېجىك (سۆرەلمە) بولۇپ، كەمدىن كەم ئۆرە بولىدۇ. ئۇ ئاساسەن مېۋە، يۇمران يوپۇرماقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇ ھازىر شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيانىڭ كالىمانتان ۋە سۇماترا رايونىدا ياشايدۇ. ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئۇنىڭ نەسلى قالمىدى، لېكىن يەر تارىخىنىڭ مەلۇم دەۋرىدە، ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇن مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلارغا كەڭ تارقالغانىدى.

ئادەمسىمان قارا مايمۇن (شىمپەنزە)

ئۇنىڭ جۇغى كىچىكرەك، تۈكىنىڭ رەڭگى قارا كېلىدۇ. ئۇ دەرەختە ھەرىكەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، دەرەخ ئۈستىدە كېچىسى ياتىدىغان ۋاقىتلىق ئۇۋۇا ياسايدۇ. ئۇ بىلىكى بىلەن ھەرىكەتلىنىشكە ماھىر كېلىدۇ، گاھىدا يەرگە چۈشۈپ قالسا، زورمۇزور ئۆرە ماڭىدۇ، ئەمما تېز يۈگۈرۈشكە توغرا كەلسە، ئالدى بىلىكى بىلەن يەرگە

ئاينىپ يۈگۈرەيدۇ. ئۇلار توپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، ھەر توپى 10 دىن كۆپ بولىدۇ، ئەڭ كۆپ بولغاندا ھەتتا 30 ـ 40 قا يېتىدۇ، ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى يەيدۇ، كۆكتات بىلەن ئوزۇقلىنىشتىن تاشقىرى، بەزىدە يەنە كىچىك قۇشلارنى، كىچىك جانىۋارلارنى تۇتۇپ يەيدۇ، ئۇلار ئاساسەن ئافرىقىنىڭ ئېكۋاتور رايونىدىكى ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقلىرىغا جايلاشقان.

گورىللا (ئادەمسىمان چوڭ مايمۇن) ئۇ جۈغى ئە



12 ـ 1 ـ رەسىم. ئادەمسىمان قارامايمۇن گورىللا.



13 ـ 1 ـ رەسىم. گورىللا.

www.uyghurkitap.com

چوڭ مايمۇن بولۇپ، ئېگىزلىكى 1.8 مېتىردىن ئاشىدۇ، ئۇنىڭ تەن ئېغىرلىقى 200 كىلو ئەتراپىدا بولىدۇ، كېلەڭسىز تېنى دەرەختە ياشىشقا ماسلاشمايدۇ، ئۇ كۆپىنچە يەردە ھەرىكەت قىلىدۇ، يېرىم ئۆرە ھالەتتە ماڭىدۇ، بىراق ماڭغاندا، خۇددى ھاسسا تايانغاندەك، ئىككى ئالدى بىلىكىنى تىرەك قىلىپ، ئالقىنىنىڭ ئارقىسىنى يەرگە تىرەپ ماڭىدۇ. ئاساسەن كۆكتات بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، بۇنداق مايمۇنلار ئاساسەن ئافرىقىنىڭ ئېكۋاتور رايونىدىكى ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىقلىرىغا جايلاشقان.

تۆت خىل مايمۇندىن زادى قايسىسى ئىنسانلارغا بەك يېقىن كېلىدۇ دېگەن مەسىلە ــ ناھايىتى قىزىقارلىق مەسىلە. قانداشلىق مۇناسىۋىتى قانچىكى يېقىن بولسا، ئۇلارنىڭ ئايرىلىپ چىققان ۋاقتى شۇنچە كېيىن بولىدۇ. ئالىملار قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ـ يېقىنلىقى ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىشتا، دائىم "بىر مەنبەلىك تۈزۈلۈش"كە ئاساسلىنىدۇ. دېمەك، "بىر مەنبەلىك تۈزۈلۈش" دېگەن سۆز بۇ تۈزۈلۈشنىڭ مەنبەسى بىر ئەجداد ئىكەنلىكىنى، كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، مۇشۇنداق شەرتنىڭ بولۇشى ئاشۇ بىر مەنبەدىن بولغۇچىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ناھايىتى قويۇق ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

مەسىلەن، ئادەم باش سۆڭىكىنىڭ ئىككى قاش ئارىسىدىكى سۆڭەك دېۋارى ئىچىدە "پېشانە كاۋىكى" دەپ ئاتىلىدىغان

ھامان بىر كاۋاك قۇرۇلما بولىدۇ. شىمپەنزە بىلەن گورىللادا ئەنە شۇنداق قۇرۇلما بولىدۇ، ئەمما ئادەمسىمان قوڭغۇر مايمۇن، ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇن ۋە باشقا پىرىماتلاردا بولسا ھەقىقىي پېشانە كاۋىكى كەم بولىدۇ. بۇ نۇقتىدا ئادەمنىڭ ئادەمسىمان قارا مايمۇن ۋە ئادەمسىمان چوڭ مايمۇن (شىمپەنزە ۋە گورىللا) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ باشقا پىرىماتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن يېقىن ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ.




14 ـ 1 ـ رەسىم. پېشانە كاۋىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

يەنە بىر مىسال. قان قىزىل ئاقسىلىدىكى ئالفا (a) زەنجىرىمۇ بەزى ئەھۋاللارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، ئالفا زەنجىرى 141 ئامىنو كىسلاتاسىدىن ھاسىل بولغان بولىدۇ، ئادەم بىلەن شىمپەنزىنىڭ قۇرۇلمىسى ئوخشاش بولىدۇ، لېكىن باشقا پىرىمات-

لار بىلەن يا ئامىنو كىسلاتالىرىنىڭ تۈرىدە پەرق بولىدۇ، يا ئامىنو كىسلاتالىرىنىڭ تىزىلىش شەكلىدە ئوخشىماسلىق بولىدۇ، شۇڭا بۇ قۇرۇلما جەھەتتە، ئادەم بىلەن شىمپەنزىنىڭ مۇناسىۋىتى ئەڭ يېقىن بولىدۇ.



15 ـ 1 ـ رەسىم. ئادەم بىلەن گورىللا قان قىزىل ئاقسىلىنىڭ پېپتىد زەنجىرىدىكى ئامىنو كىسلاتالىرىنىڭ تىزىلىش رېتىدىكى پەرقىنىڭ كۆرسەتمىلىك سىخېمىسى. ستىرېلكا بىلەن كۆرسىتىلگەن ئورۇنلار ئىككى خىل ئامىنو كىسلاتاسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا، ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇن بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى ئومۇمەن يىراقراق بولىدۇ، ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇننىڭ بولسا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنرەك تۇرىدۇ، شىمپەنزە بىلەن گورىللانىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يېقىنراق بولىدۇ دەپ قارىلىدۇ. شىمپەنزە بىلەن گورىللانىڭ زادى قايسىسى ئادەم بىلەن تازا يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدۇ؟ ئالىملار بىر قاتار بىر مەنبەلىك قۇرۇلمىغا ئاساسەن، سېلىشتۇرۇش

يولى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى يېقىن مۇناسىۋەتنى تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مودېل بىلەن كۆرسەتكەن:

A خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئادەم بىلەن گورىللانىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولۇپ، ئۇلار كېيىنرەك ئايرىلىپ چىققان:




16 ـ 1 ـ رەسىم. A

B خىل ئەھۋال ئاستىدا، ئادەم بىلەن شىمپەنزىنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولۇپ، ئۇلار كېيىنرەك ئايرىلىپ چىققان:



www.uyghurkitap.com




17-1-رەسىم. B

C خىل ئەھۋال ئاستىدا، گورىللا بىلەن شىمپەنزىنىڭ مۇناسىۋىتى يېقىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئادەم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى يىراقراق بولىدۇ.




18-1-رەسىم. C

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

1 ـ جەدۋەل. گورىللا، ئادەم ۋە ئادەمسىمان قارا مايمۇنلارنىڭ (شىمپەنزىنىڭ) بىر مەنبەلىك قۇرۇلمىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

| تۈرى / ئالاھىدىلىكى | باشقا پىرىماتلار | گورىللا |
|---|---|---|
| سۆڭكى ۋە چىشى | | |
| 1. مۇچە سۆڭكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى | پۇت ـ قولىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش | پۇتى قولىدىن قىسقا |
| 2. قوزۇق چىشى | چوڭ | چوڭ |
| 3. تۆش سۆڭكى | ئۇزۇن | قىسقا |
| بەدىنىنىڭ يۇمشاق قىسمى | | |
| 1. چېچى | قىسقا | قىسقا |
| 2. پاقالچەك مۇسكۇلى | كىچىك | كىچىك |
| 3. ساغرىسى | كىچىك | كىچىك |
| بويالغۇچى تەنچە | | |
| 1. ئومۇمىي سانى | 42 | 48 |
| 2. 5 ـ ۋە 12 ـ جۈپىنىڭ قۇرۇلمىسى | — | باشقا پىرىماتلارغا ئوخشىمايدۇ |
| 3. 13 ـ جۈپىنىڭ قۇرۇلمىسى | — | ئادەمنىڭكىگە ئوخشايدۇ |
| مولېكۇلىلىق قۇرۇلمىسى | | |
| 1. ئالفا پېپتىد زەنجىرىنىڭ ئادەم بىلەن سېلىشتۇرمىسى | بىر قانچە يېرى ئوخشىمايدۇ | پەقەت بىرلا ئامىنو كىسلاتاسى ئوخشىمايدۇ |
| 2. قاندىكى GM فاكتورى | پەرق يوق | پەرق يوق |

## 2 ـ جەدۋەل. گورىللا، ئادەم ۋە ئادەمسىمان قارا مايمۇننىڭ (شىمپەنزىنىڭ) بىر مەنبەلىك قۇرۇلمىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى

## (داۋامى)

| ئېھتىمالى بولغان قانداشلىق مۇناسىۋىتى | شىمپەنزە | ئادەم |
|---|---|---|
| C | پۇتى قولىدىن قىسقا | قولى پۇتىدىن قىسقا |
| A، B، C | چوڭ | كىچىك |
| C | قىسقا | ئۇزۇن |
| A، B، C | قىسقا | ئۇزۇن |
| A، B، C | كىچىك | چوڭ |
| A، B، C | ئەتسىز | ئەتلىك |
| C | 48 | 46 |
| C | باشقا پىرىماتلارغا ئوخشىمايدۇ | باشقا پىرىماتلار بىلەن ئوخشاش |
| A | باشقا پىرىماتلارغا ئوخشاش | ئادەمسىمان چوڭ مايمۇنغا ئوخشاش |
| B | ئادەمگە ئوخشايدۇ | — |
| B | ئادەمدىن ئازراق پەرقلىنىدۇ | ئادەمسىمان قارا مايمۇنغا ئوخشاش ئازراق پەرقى بار |

تاللۇنلىنغان بىر مەنبەلىك قۇرۇلما سۆڭەك بىلەن چىش، بەدىنىنىڭ يۇمشاق قىسىملىرىنىڭ تۇزۇلمىسى، بويالغۇچى تەنچە ۋە مولېكۇلىلىق قۇرۇلما قاتارلىق تۆت تۈرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، سېلىشتۇرما ئەھۋالنى 29 ـ بەتتىكى 1 ـ جەدۋەلدىن كۆرۈۋېلىڭ.

يۇقىرىدىكى جەدۋەلدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بىز ھازىرغا قەدەر، گورىللا بىلەن شىمپەنزىدىن زادى قايسىسىنىڭ قانداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئادەملەر بىلەن ئەڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى تېخى مۇئەييەنلەشتۈرەلمەيمىز. ئىلىم ـ پەن ساھەسىدىكىلەر، ھازىر چوڭ تىپتىكى ئىككى خىل گورىللا ئۈزۈن بىلەكلىك مايمۇن ۋە ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇنغا قارىغاندا، قانداشلىق مۇناسىۋەت جەھەتتە ئادەمگە ناھايىتى يېقىن دەيدىغان پىكىر ئەڭ ئىشەنچلىك پىكىر دەپ قارايدۇ.

## 7. ھايۋان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى

بىز يۇقىرىدىكى تونۇشتۇرۇشتىن، ئادەمنىڭ تەبىئەتتىن تاشقىرى مەۋجۇدىيەت ئەمەسلىكىنى، ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋەتنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئادەمنىڭ ھايۋانلاردا بولىدىغان بارلىق ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھايۋان ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئادەمدە بىر تال ئومۇرتقا سۆڭىكى بولىدۇ، ئۇنىڭ نېرۋا سىستېمىسى تولۇق تەرەققىي قىلغان بولۇپ، مېڭىسى بىلەن يۇلۇنى بۆلۈنۈپ كەتكەن، شۇڭا ئۇ ئومۇرتقىلىق ھايۋان ھېسابلىنىدۇ.

ئادەمنىڭ تەن تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىق بولىدۇ، ئادەم تىرىك تۇغىدۇ ۋە بوۋاقنى سۈت بىلەن باقىدۇ، شۇڭا ئۇ سۈت ئەمگۈچى ھايۋانغا كىرىدۇ.

ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلار نۇرغۇن ئورتاق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. شۇڭا ئادەممۇ پىرىماتلار تۈرىدىكى ھايۋان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ يېقىنلىق دەرىجىسى ئۇنىڭ مايمۇنلار بىلەن بولغان يېقىنلىق دەرىجىسىدىن كۆپ ئېشىپ چۈشىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلار بىرلىكتە ”ئادەم سىياقىدىكىلەر پەۋقۇلئائىلىسى“نى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ، ھازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنلىرى بولسا تەبىئەت دۇنياسىدا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئوخشاپ كېتىدىغان تۇغقىنىدۇر. شۇڭا، ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ تەبىئەتتىكى ئورنىنى بىر قاراش بىلەنلا چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ:

دۇنيا: ھايۋان

كەنجى تىپ: ئومۇرتقىلىق ھايۋان

سىنىپ: سۈت ئەمگۈچى ھايۋان

تۈركۈم: پىرىماتلار تۈركۈمى

پەۋقۇلئائىلە: ئادەم سىياقىدىكى-

# لەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئائىلىسى

## ئائىلە: ئادەم ئائىلىسى

## ئۇرۇقداشلىق: ئادەم ئۇرۇقداشلىقى

## تۈر: ئاقىل ئادەم تۈرى

ئادەم بىر خىل ھايۋان ئىكەن، ئۇ ھالدا، ھايۋان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ھەم كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ھايۋانلار دۇنياسىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

بىز جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىن شۇنى بىلدۇقكى، جانلىقلاردىكى ئىرسىيەت بىلەن ماسلىشىشنىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا ئەڭ دەسلەپكى ھۈجەيرە شۇ قەدەر ئۈزلۈكسىز ھالدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان ۋە راۋاجلانغان، شۇنىڭ بىلەن ماسلىشىش تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى تەرىپى دەپ تونۇلغان، ئۇ جانلىقلاردا ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان، ئۇلارنى تۆۋەن دەرىجىدىن ئۈزلۈكسىز ھالدا يۇقىرى دەرىجىگە تەرەققىي قىلدۇرغان، بىر تەرەپتىن ئۇلارنى تەدرىجىي تەرەققىيات ئارقىلىق مۇرەككەپ ئۆسۈملۈككە ئايلاندۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تەدرىجىي تەرەققىيات ئارقىلىق ئادەمگە ئايلاندۇرغان.

پالېئونتولوگىيە تەتقىقاتى تاق ھۈجەيرىلىك جانلىقلارنىڭ ئادەمگىچە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بېرىشىدا باشتىن كەچۈرگەن مۇرەككەپ جەريانلىرىنى ئېچىپ بەردى.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 600 مىليون يىلدىن بىر مىليارد يىلغىچە

بولغان ۋاقىتتىن بۇرۇنقى ئىپتىدائىي ھايات دەۋرىدە، تاق ھۈجەيرىلىك ئىپتىدائىي ھايۋانلاردىن كۆپ ھۈجەيرىلىك ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ھاسىل بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى ئاۋۇغان، ئۇلارنىڭ كۆپلىگەن بىرقەدەر يۇقىرى دەرىجىلىك تۈرلىرى كېلىپ چىققان ھەمدە ئۇلاردىن ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار ھاسىل بولغان.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 440 مىليون يىللار بۇرۇنقى ئوردوۋىك دەۋرىدە، بېلىقلارغا ئوخشايدىغان، ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى تاڭلىيى، ھەم جۈپ-جۈپ ئۈزگۈچلىرىمۇ بولمىغان، ئاساسەن سۇ ئاستىدا ياشايدىغان ئەڭ بۇرۇنقى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان. كېيىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئالىيراق تۈرلىرى، مەسىلەن، كۆمۈرچەك سۆڭەكلىك بېلىق بىلەن قاتتىق سۆڭەكلىك بېلىقلار پەيدا بولغان. ئۇلاردا ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى تاڭلاي، قورساق، كۆكرەكلىرىدە جۈپ-جۈپ ئۈزگۈچلەر پەيدا بولغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئوزۇقلۇق تېپىشىغا ھەم ھەرىكەتلىنىشىگە ناھايىتى قولايلىق تۇغۇلغان، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇلار تېز راۋاجلانغان. بۇنىڭدىن 350 مىليون يىل بۇرۇنقى دېۋون دەۋرىدە، بېلىقلار سۇدىكى ئەڭ راۋاج تاپقان ھايۋانلار بولۇپ قالغان.

يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن تەرەققىيات جەريانىدا، بېلىقلارنىڭ نۇرغۇن جەمەتلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇلاردىن كروسوپتېرىگى قاناتلىق بېلىق دەپ ئاتىلىدىغان بېلىق مۇھىتنىڭ ئۆز-

گىرىشكە ماسلاشقان، ئۇنىڭ ئۆپكىسى تەدرىجىي ھالدا ساقاق-نىڭ ئورنىنى ئېلىپ، ئاساسلىق نەپەس ئېلىش ئەزاسى بولۇپ قالغان، جۈپ ئۈزگۈچلىرى تۆت ئاياغقا ئايلىنىپ، بۇ بېلىق تەدرىجىي ھالدا قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن قوش ماكانلىق ھايۋانلارغا ئايلانغان.

ياقا، چارپاقا قاتارلىق قوش ماكانلىقلار پەقەت سۇ مەنبە-سىگە يېقىنراق يەرلەردە ياشايدۇ، چۈنكى ئۇلار پەقەت سۇدىلا ئەۋلادلىق بولالايدۇ. تاشكۆمۈر دەۋرىگە كەلگەندە، قەدىمكى قوش ماكانلىقلاردىن قۇرۇقلۇقتا تۇخۇم تۇغالايدىغان ھەم ئەۋلادلىق بولالايدىغان ۋەكىل خاراكتېرلىكى بىر خىل جانىۋار تۆرەلۈپ، ئۇنىڭدىن ئەڭ بۇرۇنقى ئۆمىلىگۈچىلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن.

ئۆمىلىگۈچىلەر باش سۇيى قېپى شەكىللەنگەن تۇخۇم ئارقىلىق كۆپىيىدۇ، ئۇلار بۇنداق "تۇخۇم"نى قۇرۇقلۇقتا تۇغۇپلا قالماستىن، قۇرۇقلۇقتا بېسىپمۇ چىقىرالايدۇ، بۇ ئۇلارنىڭ يېتىلىش جەريانىدا سۇغا بېقىندا بولۇشتىن قۇتۇلۇپ، سۇدىن يىراق يەرلەردە ياشىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئۆمىلىگۈچىلەر شۇنىڭدىن باشلاپ قۇرۇقلۇقنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغان.

ئۆمىلىگۈچىلەر بولسا ھەقىقىي قۇرۇقلۇق جانىۋارلىرى بولۇپ، ئۇلار پەيدا بولغان ھامان تېزدىن بۆلۈنۈش يولى بىلەن راۋاجلىنىپ نۇرغۇن تارماقلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com

ئۇلار بۇنىڭدىن 70 ــ 225 مىليون يىل ئىلگىرىكى ئوتتۇرا هايات دەۋرىدە ناهايىتى راۋاج تاپقان. خۇسۇسەن ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قۇرۇقلۇقتا ياشايدىغان خىلمۇخىل "دىنوزاۋىر"لارغا ئايلانغان، شۇنىڭ بىلەن يەر شارى بىرمەزگىل "دىنوزاۋىرلار دۇنياسى"غا ئايلانغان.

بۇنىڭدىن ئىككى يۈز نەچچە مىليون يىللار بۇرۇنقى ترىئاس دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، قەدىمكى ئۆمىلىگۈچىلەردىن ئىپتىدائىي سۈت ئەمگۈچىلەر بۆلۈنۈپ چىققان، ئۇلار ئۇزاق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا، تەن تېمپېراتۇرىسىنى مۇقىم ساقلايدىغان، تىرىك تۇغىدىغان ھەم بالىسىنى سۈت بىلەن باقىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغان، ئۇلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسى راۋاجلىنىپ، ئۇلاردا چوڭراق ھەم مۇرەككەپرەك چوڭ مېڭە يېرىم شارى ھاسىل بولغان، ئۇلارنىڭ تەن قۇرۇلمىسى بولسا تېخىمۇ مۇكەممەللەشكەن. ئۇلاردا بۇ بىر قاتار ئەۋزەللىكلەر ھازىرلانغانلىقتىن، بۇنىڭدىن يەتتە مىليون يىل بۇرۇنقى يېڭى ھايات دەۋرى باشلانغاندا، ئۇلار ئۆمىلىگۈچىلەرنى يېڭىش بىلەن تېز تەرەققىي قىلىپ، يەر شارىدىكى ھۆكۈمران جانلىقلارغا ئايلانغان.

سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ راۋاج تېپىشى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن جەمەتلىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى، ئىنسانلار بىلەن كېلىپ چىقىش مۇناسىۋىتى ناھايىتى يېقىن بولغان پىرد-

www.uyghurkitap.com

ماتلار شۇ جەمەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پىرىماتلارنىڭ ئەجدادى ئىپتىدائىي تۇپايىيا (تىيىنسىمان ماي- مۇن) بولۇپ، ئۇ دەرەخلەردە ياشايدىغان ئىپتىدائىي ھاشارەتخور ھايۋانلاردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. پىرىماتلار ئاساسەن ئىسسىق بەلباغ بىلەن مۆتىدىل بەلباغلاردىكى ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ، تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇلارنىڭ باش مالتاق ۋە پۇت بارماقلىرى بىلەن باشقا بارماقلىرىنىڭ نەرسىلەرنى سىقىملاپ تۇتۇش ئىقتىدارى ئېشىپ، ئۇلارنىڭ دەرەخلەرگە ئېسىلىش ۋە نەرسە تۇتۇشقا قولايلىق تۇغۇلغان. ئۇلارنىڭ كۆز قۇۋۋى- تىنىڭ كۈچلۈك بولۇشى، يەنە كېلىپ كۆزىدە ستېرېئولۇق كۆرۈش سەزگۈسىنىڭ ھاسىل بولۇشى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاققان- لىقىنى ۋە توغرىلىقىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرغان، چوڭ مېڭىسىمۇ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان، مانا بۇلار ئۇلارنىڭ تېخىمۇ راۋاج- لىنىشىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئىپتىدائىي تۇپايىيانىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشىدىن ھەر خىل مايمۇنلار ۋە ئادەمسىمان مايمۇنلار پەيدا بولغان، ئەڭ ئاخىرىدا بۇنىڭدىن بىر-ئىككى مىليون يىللار ئىلگىرى، قەدىمكى مايمۇنلاردىن ئادەمگە تەرەققىي قىلغان بىر جەمەت كېلىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئىنسانلار پەيدا بولغان.

ھايۋان دەپ ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ھاياتلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن سۈرۈشتۈرۈشكە بولىدۇ، بىراق، بۇ ناھايىتىمۇ

يىراق ئۆتمۈش-تە! ھاياتلىقنىڭ بۇنداق تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانى "سىستېمىلىق يېتىلىش" جەريانى دەپ ئاتىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ قەدىمكى دەۋردە يوقىلىپ تۈگىگەن. بىز بۇنداق ئۇزاق سىستېمىلىق يېتىلىش جەريانىنى پەقەت شۇ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا قېپقالغان قالدۇقلار بىلەن ئىزلارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ ئىزدەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا، بىز يەنە باشقا بىر يول بىلەن، يەنى ئادەم تۆرەلمىسىدىكى "يەككە تەنىنىڭ يېتىلىش" جەريانى ئارقىلىقمۇ، بۇ ئۇزاق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىغا دائىر پارچە-پۇرات ئۇچۇرلاردىن ۋاقىپ بولالايمىز.

ئادەمنىڭ تۆرەلمىسى ئىككى خىل جىنسىي ھۈجەيرىنىڭ — تۇخۇم بىلەن سپېرمىنىڭ بىرىكىپ ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنى ھاسىل قىلىشىدىن، ئاندىن ئۇنىڭ ئانا تېنىدە داۋاملىق تەرەققىي قىلىشىدىن پەيدا بولغان.

ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ئانا تېنىدىكى بالىياتقۇنىڭ دىۋارىغا چاپلاشقان ھالدا، ئانا تېنىدىكى قانغا تايىنىپ ئوزۇقلىنىدۇ. ئۇرۇقلانغان تۇخۇم ئالدى بىلەن ئىككى كىچىك ھۈجەيرىگە بۆلۈنىدۇ، ئاندىن يەنە 4، 8، 16 ۋە 32 دانە... گە بۆلۈنۈپ كۆپ ھۈجەيرىلىك تۆرەلمىگە ئايلىنىدۇ.

كېيىن، كۆپ ھۈجەيرىلىك تۆرەلمىدە ئومۇرتقا تۈۋرۈكى ھاسىل بولۇپ، باش، قول، پۇتلار ئايرىلىپ چىقىدۇ. بالا تەخمىنەن بىر ئاي يېتىلگەندىن كېيىن، ئادەمنىڭ تۆرەلمىسى

بىلىقتىلا ئوخشاپ قالىدۇ: پۇت-قولى بىلىقنىڭ ئۈزگۈچىگىلا ئوخشاپ قالىدۇ، بويۇننىڭ ئىككى يېنىدا پەيدا بولغان نۇرغۇن "ساقاق ئېرىقچىلىرى" بەئەينى بىلىق ۋە قوش ماكانلىق ھايۋانلارنىڭ بىلجان ۋاقتىدا بولىدىغان ساقىقى بىلەن سىرتىنى تۇتاشتۇرىدىغان يېرىقچىسىگە — "ساقاق يېرىقچىسى"گە ئوخشايدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىللە قوش ماكانلىق ھەم ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارغا ئوخشاش قۇيرۇق پەيدا بولىدۇ، بولۇپمۇ تۆرەلمە دەۋرىنىڭ 2-ئېيىدا، قۇيرۇق چىقىدۇ، ئۇ ئون دانىچە قۇيرۇق ئومۇرتقا سۆڭىكىدىن تۈزۈلىدۇ، 3-ئېيىغا كەلگەندە، قۇيرۇق يوقىلىشقا باشلاپ، قۇيرۇقنىڭ قېپقالغان بىرقانچە ئومۇرتقا سۆڭىكى بىرىكىپ تەن ئىچىدە قۇيرۇق سۆڭىكى بولۇپ قالىدۇ-دە، سىرتتىن قۇيرۇق كۆرۈنمەيدۇ.

ئادەم تۆرەلمىسى ئىككى ئايلىق بولغاندا، ئۇنىڭ قول-پۇتىنىڭ باش مالتىقى قول-پۇتىنىڭ باشقا تۆت بارمىقىدىن ئاجراشقا باشلايدۇ، قول-پۇت باش مالتىقىنىڭ باشقا بارماقلىرى بىلەن بولغان ئارا بۇلۇڭى مايمۇن بارماقلىرىنىڭ ئارا بۇلۇڭىنىڭ ھالىتىگە ئوخشاش بولىدۇ.

ئادەم تۆرەلمىسى بەش ئايلىق بولغان ۋاقىتتا كۆرۈنەرلىك ھالدا ئادەم شەكلىگە كىرىپ، باشقا سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارغا ئوخشاش، ئالقىنى بىلەن تاپىنىدىن باشقا، پۈتۈن بەدىنىگە تۈك چىقىشقا باشلايدۇ، تۈك دەسلەپتە، ئىنچىكە ھەم قويۇق ئۆسۈپ، تۆرەلمە تۈكلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. يەتتە ئايلىق بولغان

www.uyghurkitap.com

ۋاقىتتا بۇ تۈكلەر تازا ئاينىيدۇ، كېيىن چۇشۇشكە باشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا توم ھەم شالاڭراق چاچلار چىقىدۇ، بۇ تۆرەلمە تۈكلىرىنىڭ تىزىلىش شەكلى ئالىي دەرىجىلىك مايمۇنلارنىڭكىگە مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئادەم تۆرەلمىسى بىلەن باشقا ھايۋانلار تۆرەلمىسىنىڭ سېلىشتۇرما تەتقىقاتىدىن مەلۇم بولۇشىچە، قانداشلىق مۇناسىۋىتى قانچە يېقىن بولسا، تۆرەلمىنىڭ ئوخشاپ كېتىش ۋاقتىمۇ شۇنچە ئۇزۇن بولىدىكەن. ئادەمنىڭ ئالىي دەرىجىلىك مايمۇنلارنىڭ تۆرەلمىسى بىلەن بولغان ئوخشاشلىقىنى ساقلاش ۋاقتى ئەڭ ئۇزۇن بولىدۇ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۇلار بىلەن ناھايىتى يېقىن قانداشلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھەم كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ھايۋانلار جۈملىدىن ئادەملەر تۆرەلمىسىنىڭ يېتىلىشى (يەككە تەنىنىڭ يېتىلىشى) ئۇلارنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى (سىستېمىلىق يېتىلىشىنى) قىسقىچە ھەم تېز تەكرارلايدۇ ھەمدە ئىنسانلار ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن كېلىپ چىققان دېگەن نەزەرىيىگە كۈچلۈك مەدەت بولۇپ، ھايۋان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئىشىغا مۇھىم يىپ ئۇچى تەقدىم قىلىدۇ.

دارۋىن ئۆزىنىڭ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى بايان قىلغان داڭلىق ئەسىرىدە، ئىنسانلار پەقەت جانلىقلارنىڭ

تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ بىر باسقۇچىدىنلا ئىبارەت ئىكەن-لىكىنى كۆرسىتىپ كېلىپ: "دۇنيا ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ئۈچۈن ئۇزۇن تەييارلىق كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن، بۇنىڭغا گەپ سىغمايدۇ، چۈنكى ئىنسانلار زەنجىرسىمان بىر تۇتاش ئەجدادلاردىن تۆرەلگەن بولغاچقا، بۇ بىر تۇتاش ئەجدادلارنىڭ زەنجىرسىمان بىرلا ھالقىسى يوقىلىپ كەتكەن بولسا، ئىنسانلار مەۋجۇت بولمىغان بولاتتى" دېگەنىدى. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن تەتقىقاتى بۇ كۆز قاراشنىڭ توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى.



ئادەم  توشقان  تاشپاقا  بېلىق

19 ـ 1 ـ رەسىم. بېلىق، تاشپاقا، توشقان ۋە ئادەملەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تۆرەلمىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىشى، ئاندىن كېيىن سىنىپ، تۈركۈم، ئائىلە، ئۇرۇقداش ۋە تۈرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنىڭ رەت بويىچە پەيدا بولۇشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 2. ئادەم — ئالاھىدە ھايۋان

ئادەم ھايۋانلار دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەتتىكى ھايۋان ئەمەس.

ئادەم — ئالاھىدە ھايۋان، ئۇ — يۈكسەك ئاڭلىق پائالىيەت- چانلىقىغا ئىگە بولغان، ئەڭ ئىجتىمائىيلاشقان ھايۋان. ئىنسانلار ئىنسانلار جەمئىيىتىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇڭا بىز ئادەم ئۈستىدە توختالغاندا، ئىجتىمائىي ئادەم ئۈستىدە توختىلىمىز. ئىنسانلار جەمئىيىتى يەككە - يەككە ئادەملەرنىڭ يىغىندىسىدىن ھاسىل بولغان، ئادەم ھەم ھايۋانلار دۇنياسىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆزگىرىشىنىڭ مەھسۇلى، ھەم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن.

ئادەم ئادەتتىكى ھايۋانلاردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرىنى ياسىيالايدۇ ھەم ئىشلىتەلەيدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن يېڭى ياشاش شارائىتىنى يارىتىدۇ، بۇنداق ياشاش شارائىتلىرى تەبىئەت دۇنياسىدا بۇرۇن زادىلا مەۋجۇت بولغان ئەمەس.

ئادەم مۇرەككەپ تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارالايدۇ، ئۇ ئۆزىگە خاس ئاڭغا ئىگە، شۇنىڭدەك ئۇنىڭدا ئاڭلىق پائا-

لىيەتچانلىق بولىدۇ؛ ئادەم تەبىئەت دۇنياسىغا ئۇنى ئۆز-گەرتىش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق قىلىدۇ، ئۇنى ئۆزىنىڭ مەق-سىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇرلايدۇ. بولۇپمۇ ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئىنسانىيەتنىڭ تەرەق-قىياتى يېڭى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تېخىمۇ ئېنىق يۆنىلىشكە ئىگە بولدى، نەتىجىدە ئۇلار ھايۋانلار دۇنياسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى.

ئەگەر بىز ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئادەمسىمان مايمۇنلار توپى بىلەن سېلىشتۇرىدىغان بولساق، ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ پەرقى تېخىمۇ روشەن كۆرۈنىدۇ:

ئىنسانلار جەمئىيىتى

(ئاساسەن ئىپتىدائىي جەمئىيەت مۇھاكىمە قىلىنىدۇ)

1. ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەت ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقىدىن ئىبارەت. ئىنسانلار ئاڭلىق پائالىيەتچانلىققا ۋە ئۆزىگە خاس ئاڭغا ئىگە.

2. جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مەنسۇپ بولغان توپ قانۇنىيەت — ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىدىكى زىددىيەتلەر ھەرىكىتى يېڭى جەمئىيەت بىلەن كونا جەمئىيەتنىڭ ئالمىشىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

3. تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

تەبىئەت دۇنياسىنى ئىدارە قىلالايدۇ، ئەمگەك قورال-

لىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزى ئۈچۈن يېڭى ياشاش شارائىتىنى يارىتالايدۇ.

ئادەمسىمان مايمۇنلار توپى

(تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئادەتتىكى بىر ئەزاسى بولىدۇ)

1. ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى ھايۋانلىق بىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئادەمسىمان مايمۇنلاردا ئاڭلىق پائالىيەت- چانلىق بولمايدۇ، ئۆزگە خاس ئاڭمۇ بولمايدۇ.

2. جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا مەنسۇپ بولغان تۈپ قانۇنىيەت — ئىرسىيەت بىلەن ماسلىشىشنىڭ ئۆزئارا تەسىرى تۈرىنىڭ ئۆزگىرىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جانلىقلار دۇنياسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

3. تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى:

پەقەت تەبىئەت دۇنياسىدىن پايدىلىنىپ، ئۆز تېنىنىڭ ئۆزگىرىشى ئارقىلىق، مۇھىت شارائىتىغا ماسلىشىدۇ.

بۇ يەردە، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك خۇسۇسىيىتى بولۇپ، باشقا ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ- دىن كېلىپ چىققان.

## 1. ئادەمنىڭ تەن قۇرۇلمىسىدا ئەكس ئېتىدىغان ئالاھىدىلىكلەر

ئالاھىدە ھايۋان بولغان ئىنسانلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى

جەھەتتە، يەنى تىن ساپاسى جەھەتتە ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن ئەڭ چوڭ پەرقى نېمە؟ بۇ ئومۇمەن جامائەتچىلىك ئېتىراپ قىلغان ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

ھازىرقى زامان ئادەملىرى ئۆرە تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ھەم ئىككى پۇت بىلەن ماڭىدىغان ئىقتىدارغا ئىگە بولغان؛ ئۇلارنىڭ تۇمشۇقى قىسقا بولغاچقا، يۈزى ياپىلاق كۆرۈنىدۇ؛ مېڭىسى چوڭ بولىدۇ.

ھازىرقى زامان مايمۇنلىرى بولسا يېرىم ئۆرە تۇرۇشقا ھەم تۆت پۇت(گاھىدا ئىككى پۇت) بىلەن مېڭىشقا ئادەتلەنگەن؛ ئۇلارنىڭ تۇمشۇقى تومپىيىپ چىققان، شۇڭا يۈزى دۇمباق كۆرۈنىدۇ ھەمدە مېڭىسى ئادەمنىڭكىگە قارىغاندا نىسپىي ھالدا كۆپ كىچىك بولىدۇ.

ئىنسانلار يەر يۈزىدە ئەمگەك بىلەن ياشاشقا ماسلىشىش ئارقىسىدا تەرەققىي قىلغان. ئادەمنىڭ ئۆرە ھالىتى ئىككى قولىنىڭ سايمانلارنى ئىدارە قىلىشىغا ماسلاشقان، چۈنكى ئۇلار ئۆرە تۇرغاچقا، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە شۇنىڭغا يارىشا باش سۆڭىكى، پۇت-قول، داس سۆڭىكىگە ئوخشاش تۈرلۈك قىسملار ھاسىل بولغان.

قورال-سايمانلارنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن ئىنسانلار ئوزۇقلۇق تېپىش ھەم دۈشمەندىن مۇداپىئە كۆرۈشتە، ئالدىنقى قاتار-دىكى چىشلىرىغا كۆپ تايانمايدىغان بولدى، بولۇپمۇ قوزۇق چىشىنىڭ رولى ئاجىزلاشتى، دېمەك، ئۇلارنىڭ چىشلىرى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




1 ـ 2 ـ رەسىم. ئادەمسىمان قارا مايمۇن، ئادەمسىمان چوڭ مايمۇن بىلەن ئادەمنىڭ تۇمشۇقى، ھەرىكەت شەكلى ۋە مېڭىسىنىڭ ئۈچ جەھەتتىن بىر ـ بىرىگە سېلىشتۇرۇلۇشى.

كىچىكلەپ، تۇمشۇقى قىسقاردى. ئىنسانلار پەيدا بولۇش ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ ئەقىل پاراستى تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشى بىلەن

بىلله ئېشىپ باردى. ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن تەپەككۇر پائالىـ
يىتىنىڭ ماددىي ئاساسىي بولغان چوڭ مېڭىسىمۇ تەدرىجىي
چوڭايدى.

ئادەمسىمان مايمۇنلار قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلاردا
بولغان تۇرمۇش كەچۈرۈش ئادىتى ئاساسىدا، دەرەخ ئۈستىدە
ياشاش ئۇسۇلىغا ماسلىشىش جەھەتكە قاراپ تېخىمۇ تەرەققىي
قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلاردا ھازىرقى ئۆزىگە خاس ئالاھىـ
دىلىكلەر ۋۇجۇدقا كەلدى.

شۇڭا، ئۆرە تۇرۇش ياكى يېرىم ئۆرە تۇرۇش ھالىتى،
تۇمشۇقىنىڭ قىسقا بولۇشى ياكى ئالدىغا تومپىيىپ چىقىشى
ھەمدە مېڭىسىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك بولۇشى ئادەم بىلەن
ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى ئايرىشنىڭ بەلگىسى،
شۇنداقلا ئادەمنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىش
دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بەلگە بولۇپ قالدى.

## 2. ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ھەم ئىشلىتىش ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ

پەقەت ئادەملا ئەمگەك قوراللىرىنى مەقسەتلىك ھالدا
ياسايدۇ ھەم ئىشلىتىدۇ ۋە پىلانلىق، ئۇنۇملۇك كۆزدە تۇتۇلغان
ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى ئۇچۇن
كەڭ مەنىدىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنى يارىتىدۇ، بۇ تەبىئەت

دۇنياسى ئىنسانلاردىن ئايرىلسا مەۋجۇت بولالمايدىغان پائالىيەتتۇر، ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە بولغان ئەكس تەسىر ھېسابلىنىدۇ.

ئادەتتىكى ھايۋانلار قورال ياسالامدۇ ۋە ئىشلىتەلەمدۇ؟ بىز ئەمدى ھايۋانلارنىڭ ئەھۋالىغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى:

ھەسەل ھەرىسى ھەسەل يىغىشتا، چۈمۈلە ئوزۇق تېپىشتا، قۇندۇز دەرەخ شاخلىرىنى غاجاپ سۇندۇرۇش بىلەن "توسما" ياساشتا ئىشلەتكەن "قورال" ئۇلارنىڭ پۇت-قولى ھەم چىشلىرىدىنلا ئىبارەت.

تىنچ ئوكياندىكى بىر ئارالدا، سىېگىر (قارا تۇرغاي) دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كىچىك تۆمۈرتۇمشۇق ياشايدۇ، ئۇ ئالقاندىسىمان كاكتۇس تىكىنىنى چىشلىۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن دەرەخ كاۋىكىغا كىرىۋالغان قۇرۇتلارنى كولاپ چىقىرىدۇ، بەزىدە تېخى تۇمشۇقى بىلەن كىچىك شاخلارنىمۇ سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتاقلىرىنى ۋە يوپۇرماقلىرىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ئۇلارنى كىچىك تاياقچە قىلىپ ياساپ، كاكتۇس تىكىنىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. ئادەمسىمان قارا مايمۇن (شىمپەنزە) تەبىئىي ھالەتتە قولى ھەم ئېغىزى بىلەن چۆپ غولى ھەم كىچىك شاخلارنى تاياقچە قىلىپ ياساپ، ئۇنى ئاق چۈمۈلە ئۇۋىسىغا تىقىدۇ، ئاق چۈمۈلىلەر ئىنچىكە تاياقچىنى چىشلىگەندە، ئۇ تاياقچىنى تارتىپ چىقىرىۋېلىپ ئۇنىڭدىكى ئاق چۈمۈلىلەرنى يالاپ يەيدۇ. بۇ يەردە، ھايۋانلارنىڭ "قورال"لارنى "ياسىشى"

پەقەت ئۆز ئەزالىرىدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ھايۋانلارنىڭ بۇ خىل "قورال ياساش" ۋە "قورال"لاردىن پايدىلىنىش ھەرىكىتى ئىنسانلارنىڭ قورال ياسىشى ۋە ئىشلىتىشى بىلەن زادىلا ئوخشىمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك قوراللىرىنى ياساشتىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى ۋاسىتىچى جىسىمدىن پايدىلىنىش يەنى قورالنى قورال ئارقىلىق ياساشتىن ئىبارەتتۇر.



2 ـ 2. رەسىم. دارۋىن سىنبگىرىنىڭ كاكتۇس تىكىنى بىلەن دەرەخ قوۋزىقى ئاستىدىكى قۇرۇتلارنى كوچىلاپ يېيىشى.



2 ـ 3. رەسىم. شىمپەنزە تاياق بىلەن ئاق چۈمۈلىنى چىقىرىپ يېمەكتە.

مەسىلەن، ئىپتىدائىي ئادەملەر تاشنى تاشقا ئۇرۇپ سۇندۇرۇش يولى بىلەن، ئۇتۇن كېسىشكە ۋە يېرىشقا ئەپلىك تاش قوراللارنى ياسىغان، بۇ "كېسىش ۋە يېرىش قوراللىرى" خۇددى پالتىغا ئوخشايتتى، ئۇنى ھەم ئوۋ قورالى قىلىشقا، ھەم شاخ-پۇتاقلار، تاياق-توقماقلارنى كېسىشكە ۋە سىلىقلاشقا، ياغاچ قورال-سايمانلارنى ياساشقا ئىشلەتكىلى بولاتتى. ئەڭ دەسلەپتە تاشلارنى چوقۇپ "كېسىش ۋە يېرىش قورالى" ياساشقا ئىشلىتىلگەن ئاشۇ تاشنى "تاش بولقا" دەپ ئاتاشقا بولىدۇ، ئۇ ۋاستىچى جىسىم ھېسابلىنىدۇ. ياسالغان كېسىش ۋە يېرىش قورالى ئارقىلىق يەنە باشقا قوراللارنىمۇ ياساشقا بولىدۇ، ئۇمۇ ۋاستىچى جىسىم ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قورال ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان قوراللار بولۇپ، ئادەتتىكى ھايۋانلار ئۇلاردىن پايدىلىنىپ قورال ياساشنىڭ ئەھدىسىدىن ھەرگىز چىقالمايدۇ.

كىشىلەر بۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل ئىشلارغا ئىشلىتىشكە باب كېلىدىغان تۈرلۈك قوراللارنى ياساپ چىققان، بولۇپمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە، ئۈنۈملۈك، مۇرەككەپ بولغان نۇرغۇن "قوراشتۇرۇلما قورال"لار، مەسىلەن، نەيزە، ئوقيالار بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە قورال ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللارمۇ خىلمۇخىل بولۇپ، تاش، كالتەك، ھايۋانلارنىڭ سۆڭەك-مۈڭگۈزلىرى، يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنىڭ قاپلىرىدىن ئىبارەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كېيىنچە مېتاللارمۇ ئىشلىتىلىدىغان

بولغان. قىسقىسى، ئىنسانلار-
نىڭ قورال ياسىشى ۋە ئۇلارنى
ئىشلىتىشى مۇرەككەپ، دائىم-
لىق ھەم قانۇنىيەتلىك بولغان
پائالىيەتتىن ئىبارەت. لېكىن
ھايۋانلار "ياسىغان" ھەم
ئىشلەتكەن "قورال"لارنىڭ
تۈرى ناھايىتى چەكلىك
بولۇپ، ئۇلارنىڭ "قورال"-
لارنى ئىشلىتىش پائالىيىتىمۇ
بىر خىللا ئىدى، ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە ئۇ پائالىيەت دائىملىق
ھەم قانۇنىيەتلىك بولماستىن،
پەقەت بىر خىل تۇغما ئىقتىدارنىڭ تۈرتكىسىدە بولىدىغان
پائالىيەت ئىدى.



4 ـ 2 ـ رەسىم. ۋاستىچى جىسىمدىن پايدىلىنىپ قورال ياساش.

ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك قوراللىرىنى ياساش ۋە ئىشلىتىش
ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىشىدا، بۇنىڭدىن باشقا يەنە
تېخىمۇ زور بىر ئالاھىدىلىك بولغان، ئۇ بولسىمۇ بىر خىل
ئىجتىمائىيلاشقان ئەمەلىي پائالىيەتتىن ئىبارەت، بۇ پائالىيەت
داۋامىدا ئىنسانلارنىڭ ھەر خىل ئىجتىمائىي ئىقتىدارى ۋۇجۇدقا
كەلگەن، ئىنسانلار شۇ ئارقىلىق ئۆزئارا ھەر خىل مۇناسىۋەت-
لەرنى ئورناتقان، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە

www.uyghurkitap.com





5-2-رەسىم. تاش قورالنى ئىشلىتىش ئۇسۇلى.

ئىنتايىن چىگىش، مۇرەككەپ كۆرۈنۈش هاسىل بولغان. ئىنسانلارنىڭ ساپ بىئولوگىيىلىك بىرلىشىشتىن قۇتۇلۇشى بىلەن مۇرەككەپ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋۇجۇدقا كېلىپ، ئىنسانلار ئەڭ ئىجتىمائىيلاشقان هايۋانغا ئايلانغان. ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتى دېمەكتۇر، ئۇ ئۆزىگە خاس بولغان قانۇنىيەت بويىچە بارىدۇ، بۇ هال باشقا هايۋانلاردا هەرگىزمۇ مەۋجۇت ئەمەس.

شۇڭلاشقا هايۋانلارنىڭ "قورال"لارنى ياساش هەم ئىشلىتىش پائالىيىتى هەرگىز قورال ياساش يولىدىكى هەقىقىي

پاتالىيەت ئەمەس، ئۇ پەقەت تىرىكچىلىك يولىدىكىلا ئىقتىدار بولۇپ، ئۇنىڭ ئوينايدىغان رولىمۇ ناھايىتى چەكلىك: ئىنسانلار بولسا ئاڭلىق ھالدا ئەمگەك قورالىلىرى ياساش ھەم ئىشلىتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش پاتالىيىتىنى ئېلىپ بارىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىنى ئاڭلىق ھالدا ئۆزگەرتىش ھەم ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ مەقسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئىسمى جىسمىغا لايىق ئالاھىدە ھايۋان ئەنە شۇ ئادەم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# 3. ئالاھىدە ھايۋان ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى

## ــــ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشى

ئادەم ئالاھىدە ھايۋان ئىكەن، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى ئادەتتىكى ھايۋانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش قانۇنىيىتى بويىچە چۈشەندۈرۈشكە بولمايدۇ. تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىرسىيەت بىلەن ماسلىشىشنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تۈرنىڭ ئۆزگىرىشىگە، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان، شۇنىڭ بىلەن ئاخىردا ئىنسانىيەت پەيدا بولغان، روشەنكى، ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى جەريانىدا، ماسلىشىش بىلەن ئىرسىيەتنىڭ بىر ـ بىرىگە بۇنداق تەسىر كۆرسىتىشى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ماسلىشىش بولسا ئۆزگىرىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاساسىي تەرەپ، شۇڭا بۇ ئالاھىدىلىكمۇ "ماسلىشىش"تا ئۆزىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىنى تاپىدۇ. ئەسلىدە، بۇنداق ماسلىشىش ئادەتتە تار مەنىدىكى ھايۋانلارنىڭ پاسسىپ ماسلى-

شىشى بولماستىن، بەلكى تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزگەرتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەكس تەسىرلىك ماسلىشىش بولۇپ، ئۇ تەشەببۇسكارلىققا ئىگە. تەشەببۇسكارلىق دېگەنلىك قورالدىن پايدىلىنىش، ئۆزىنىڭ پۇت-قولىنى ئۇزارتىش، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزى ئۇچۇن ياشاش شارائىتى يارىتىش دېگەنلىك. بۇ جەرياندا، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىش كەلتۈرۈپ چىقارغان ئۆزگىرىشنىڭ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنى ئادەمگە ئايلاندۇرغانلىقىدا گەپ يوق.

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانى ناھايىتى ئۇزۇن جەريان. ئىنسانلارنىڭ قورال ياساپ ھەم شۇ قورال ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزى ئۇچۇن ياشاش شارائىتى يارىتىشمۇ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىشتىن ئىبارەت ئۇزۇن بىر جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئادەمنىڭ پەيدا بولۇش جەريانى ئەنە شۇ! ھازىر بىز بۇ جەريانغا نەزەر سېلىپ ئۆتەيلى.

## 1. ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى

دارۋىن ھەم ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئەجدادى بىر دېگەننى كۆچلۈك تەشەببۇس قىلدۇ، ئۇنداقتا ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئورتاق ئەجدادى قايسى خىلدىكى قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇن بولىدۇ؟

هازىرقى زامان پەن-تېخنىكىسى بۇ تېما ئۈستىدە بىر قىسىم يىپ ئۇچى تەقدىم قىلدى.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 55 مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىل ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي يېڭىلىنىش دەۋرىدە، ھەقىقىي پىرىماتلار پەيدا بولغان، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 37 مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تەدرىجىي يېڭىلىنىش دەۋرىگە كەلگەندە، ستېرېئولوق كۆرۈش سېزىمىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئەگىشىپ، ھېچ بولمىغاندا ئالىيراق دەرىجىلىك پىرىماتلار پەيدا بولغان.

ئۇلاردىن "پاراپىتېكۇس" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىلىنىڭ جاغ سۆڭىكى ۋە چىشى ھازىرقى زاماندىكى كۆزەينەكلىك مايمۇننىڭكى جاغ سۆڭىكى ۋە چىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ؛ "ئىپتىدائىي يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ ئادەمسىمان مايمۇنى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىلىنىڭ جۇغى ۋە بەزى قۇرۇلمىلىرى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇننىڭكى جۇغى ۋە تۈزۈلۈشلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ؛ "مىسىر ئادەمسىمان مايمۇنى" دەپ ئاتىلىدىغان ئاخىرقى بىر خىلىنىڭ چىش تۈزۈلۈشى ۋە ھەرىكەت شەكلىدە ئالىي دەرىجىلىك پىرىماتلارنىڭ ئالاھىدىلىك-لىرى ئىپادىلىنىدۇ. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، بۇنىڭدىن 28 مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىللار بۇرۇن مىسىرنىڭ فاييۇم رايونىدا تەدرىجىي يېڭىلىنىش دەۋرىدىكى يەر قاتلىمىدىن چىققان قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تاشقاتمىسى ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئورتاق

ئەجدادى بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەن؛ بىراق يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مىسىر ئادەمسىمان مايمۇنى بۇرۇنقى قۇرۇقلۇقتىكى ئادەمسىمان مايمۇنلار بىلەن سىۋا ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ قەدىمكى ئورتاق ئەجدادى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەن؛ جۈملىدىن، سىۋا ئادەمسىمان مايمۇنى ئادەم بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى بولۇشى ئېھتىمالغا تېخىمۇ يېقىن ئىكەن.

بۇنىڭدىن ئىلگىركى ــ تەخمىنەن 12 ـ 25 مىليون يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى "ئورمان ئادەمسىمان مايمۇنى"نىڭ تاشقاتـ مىسى ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قىتئەلىرىدە خېلى كۆپ تېپىلدى، ئۇنىڭ چىشلىرى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ چىشلىرىغا تولىمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما مېڭىسى كىچىك بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى ھازىرقى زامان مايمۇنلىرىنىڭ مېڭىسىگە باراۋەر كېلىدۇ. ئورمان ئادەمسىمان مايمۇنلىرى توپى ھازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ ئەجدادلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 15 مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىللار ئىلگىرى خېلى تەرەققىي تاپقان، "سىۋا ئادەمسىمان مايمۇنى" دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل كېيىنكى دەۋر ئورمان ئادەمسىمان مايمۇنى بارلىققا كەلگەن. شەرقىي ئافرىقا، شىمالىي ھىندىستان ۋە ياۋروپانىڭ قىسمەن رايونلىرىدىن ھەمدە جەنۇبىي جۇڭگو قاتارلىق رايونلىرىمىزدىن ئۇلارنىڭ تاشقاتما

ماتېرىياللىرى تېپىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ”راما ئادەمسىمان مايمۇنى“ دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر خىل قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تاشقاتمىسىمۇ تېپىلدى.

بىرمۇنچە ئالىملار بىر زاماندا، راما ئادەمسىمان مايمۇننىڭ چىشى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ چىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ قوزۇق چىشى چېكىنگەن (رودىمىنتلاشقان) بولۇپ، چىش ئەگرىسى مايمۇنلارنىڭكىدەك U شەكىللىك بولماستىن، ئىنسانلارنىڭكىدەك ياي شەكىللىك كېلىدۇ، تۇمشۇقىمۇ قىسقا بولىدۇ، ۋەھاكازا دېگەننى ئاساس قىلىپ، راما ئادەمسىمان مايمۇننى ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى ھېسابلىغانىدى.

لېكىن، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قەدىمكى مايمۇنلار توغرىسىدىكى ماتېرىياللارنىڭ كۆپلەپ توپلىنىشىغا، تەتقىقاتلارنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، نۇرغۇن ئالىملار ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۆز قاراشلىرىنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزگەرتىپ، راما ئادەمسىمان مايمۇنى پەقەت سىۋا ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ چىشىسى، بۇ ئىككى خىل مايمۇن ئەمەلىيەتتە بىر تۈرگە ياتىدىغان قەدىمكى مايمۇنلاردۇر، ئۇلارنىڭ پەرقى تۈردىكى پەرق بولماستىن، بەلكى ئوخشاش تۈرگە ياتىدىغان مايمۇنلارنىڭ ئوخشىمىغان جىنسلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نورمال پەرقتىنلا ئىبارەت، خالاس دەپ قارايدىغان بولدى.

سىۋا ئادەمسىمان مايمۇننى (راما ئادەمسىمان مايمۇنى) بەزى ئالىملار شۇنداق بىر تۈردىكى قەدىمكى مايمۇن دەپ



www.uyghurkitap.com

ھېسابلايدۇكى، ئۇلار ئۇتتۇرا يېڭىلىنىش دەۋرىدە بارلىققا كەلگەندىن بۇيان، ئاساسەن يەردە ياشايدىغان تۆت ئاياغلىق پىرىماتلار تۈرىگە مەنسۇپ بولغان، بىراق ئۇلار بىلىكى بىلەن ئانچە-مۇنچە ھەرىكەت قىلىشنى بىلىدىغان ئالاھىدىلىككىمۇ ئىگە بولغان. ئۇلار ئاساسەن ئاسىيا-ئافرىقىدىن ئىبارەت ئىككى قىتئەنىڭ ئورمانلىقلىرى ياقىسىدىكى شالاڭ ئوتلاقلىق مۇھىتىدا ياشىغان. ئۇلارنىڭ شەرقتىكى بەزى ۋەكىللىرى ئۇزاققىچە ئورمانىدا ياشىغاچقا، ئۇلاردا بىلەك بىلەن ھەرىكەتلىنىش ئىقتىدارى يېتىلگەن، كېيىنچە ئۇلارنىڭ تەدرىجىي ھالدا ھازىرقى ئادەمسىمان قوڭغۇر مايمۇنغا ئايلانغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن؛ بىراق ئۇلارنىڭ غەرب تەرەپتە ياشىغان بەزى ۋەكىللىرى بولسا، كېيىنكى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا بارا-بارا گورىللا، شىمپەنزىگە ۋە ئادەمگە ئايلانغان. سىۋا ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ ۋەكىللىرىدىن زادى قايسىلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش يولى بىلەن ئادەمگە ئايلانغانلىقى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ مەسىلە يېڭى ماتېرىياللار بايقالغاندىلا ئاندىن ئايدىڭلىشىدۇ.

ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى دېگەن بۇ مەسىلە توغرىسىدىكى ئىزدىنىشتە، ئالىملار ھامان بەزى قىيىن ئەھۋاللارغا ئۇچراپ تۇرىدۇ، قائىدە بويىچە ئېيتقاندا، قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ تاشقاتمىسى كۆپ بايقالغانسېرى، مەسىلە شۇنچە ئاسان ئايدىڭلىششى كېرەك ئىدى، بىراق ئەمەلىيەتتە بۇنداق

www.uyghurkitap.com

بولمدى، يېڭى ماتېرىياللار كۆپ تېپىلغانسېرى، مەسىلە شۇنچە مۇرەككەپلىشىپ، مەسىلىلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. بۇ ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش جەريانىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ، بىز بۇنى بەك ئاددىي سانىماسلىقىمىز كېرەك.

ھازىرغا قەدەر، قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن زادى قايسى تۈردىكىسىنىڭ ئادەم بىلەن مايمۇنلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ھەر خىل مۇلاھىزىلەر قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ مەسىلە تېخى بىر يەرگە توختىغىنى يوق، شۇڭا ئۇنى تېخىمۇ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## 2. مۇمكىنچىلىكى بولغان ئىككى خىل تەدرىجىي تەرەققىيات شەجەرىسى

راما ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ بەزى ئالىملار تەرىپىدىن ئىنسانلارنىڭ بىۋاسىتە ئەجدادى دەپ قارالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات شەجەرىسى توغرىسىدىكى يېڭى كۆز قاراشقا بېرىدىپ تاقىلىدۇ. كىشىلەر ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان، تاشقاتما ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ پىرىماتلار شەجەرىسىدىن ئايرىلىپ چىققان ۋاقتى خېلى بۇرۇن بولۇپ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 10 ـ 20 مىليون يىل ئىلگىرىكى ئوتتۇرا يېڭى دەۋرگە توغرا

كېلىدۇ دېگەن ئەقلىي خۇلاسىنى چىقارغان. لېكىن ھازىرقى زامان مولېكۇلا بىئولوگىيىسى ئۇستىدىكى تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلار تۈپىدىن ئايرىلىپ چىققان ۋاقتى پەقەت بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىليون يىل ئىلگىرى بولغانىكەن، بۇ ھەقىقەتەن ئادەمنى تاڭ قالدۇرىدىغان ۋەقە!

ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات شەجەرىسى توغرىسىدىكى كونىچە كۆز قاراش بويىچە، ئادەمسىمان چوڭ مايمۇنلارنىڭ بارلىققا كەلگەن ۋاقتى خېلى بۇرۇن بولۇپ، ئاز دېگەندە بۇنىڭدىن 10-20 مىليون يىللار ئىلگىرىلا قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ مۇستەقىل بەش جەمەتى ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇلار بىلەن ئۇلارنىڭ ھازىرقى زامان ۋەكىللىرىنىڭ ئۇيغۇنلۇق مۇناسىۋىتى مۇنداق:

ئىپتىدائىي يېگىلىنىش دەۋرىنىڭ ئادەمسىمان مايمۇنى — ئۇزۇن بىلەكلىك ئادەمسىمان مايمۇن

سىۋا ئادەمسىمان مايمۇنى — ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇن

نىزا ئىنەلىدىن بولغان كانشۇر ئادەمسىمان مايمۇنى — شىمپەنزە

چوڭ تىپتىكى كېرىدىغان بۇرۇنقى كانشۇر ئادەمسىمان مايمۇنى — گورىللا

راما ئادەمسىمان مايمۇنى — ئىنسانلار

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ئوتتۇرا يېگىلىنىش دەۋرىدە ياشىغان يۇقىرىدىكى ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن بىرەر

خىلدىمۇ قول بىلەن ھەرىكەتلىنىشىنىڭ ئاناتومىيىلىك ئېنىق
ئالاھىدىلىكى كۆرۈلگىنى يوق. ئەگەر بىر-بىرىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلىدىغان بۇ بەش شەجەرە مۇناسىۋىتى پۇت تىرەپ تۇرالايدىغان بولسا، ئۇلار قول ھەرىكىتىگە ئۇيغۇنلىشىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنى بىر تەكشى پەيدا قىلىشى مۇقەررەر ئىدى، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇنى تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن.

ھازىر ئالىملارنىڭ تولىسى كونا كۆز قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىپ، يېڭى كۆز قاراشلارنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. مولېكۇلا بىئولوگىيىسىنىڭ ھېسابىغا ئاساسلانغاندا، ئادەمسىمان چوڭ مايمۇنلار بۇنىڭدىن 11 مىليون يىل بۇرۇن ئۇزۇن بىلەكلىك مايمۇنلاردىن ئاجراپ چىققان؛ ئافرىقىدىكى ئادەمسىمان مايمۇنلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن يەتتە-سەككىز مىليون يىللار بۇرۇن ئاسىيادىكى ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇنلاردىن ئاجراپ چىققان؛ بۇنىڭدىن تۆت-بەش مىليون يىللار بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ بىر جەمەتى ئافرىقىنىڭ ئادەمسىمان مايمۇنلىرىدىن ئاجراپ مۇستەقىل ھالدا تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان.

بۇنىڭدىن باشقا، ئادەم بىلەن باشقا ئادەمسىمان مايمۇنلار بىلەك ھەرىكىتىگە ماسلىشىدىغان ئوخشاش ئاناتومىيىلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغاچقا، كۆپلىگەن ئالىملار، بۇنداق يۈكسەك دەرىجىدىكى ئوخشاشلىق، ئۇلارنىڭ چوقۇم يېقىنراق دەۋردە (پەقەت بىرنەچچە مىليون يىل ئەتراپىدا) ئۆتكەن ئورتاق ئەجدادىنىڭ بولغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ قارىدى،

بۇ مولېكۇلا بىئولوگىيىسىنىڭ ھېسابلاپ چىققان ۋاقتىغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

راما ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تاشقاتمىسى ئاساسەن بۇنىڭدىن 14-8 مىليون يىل ئىلگىرىكى يەر قاتلىمىدىن تېپىلغان، بۇ دەل ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇننىڭ ئاجرىلىپ چىققان ۋاقتىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. سۋا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ بەزى ۋەكىللىرى قوڭۇر ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئەجدادى دەپ قارالغاچقا، راما ئادەمسىمان مايمۇنىنى سۋا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ چىشىسى دەپ ئويلىشىش تېخىمۇ ئەقىلغە مۇۋاپىق.

ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادى زادى كىم؟ بۇرۇن بىرمەھەل راما ئادەمسىمان مايمۇنى دەپ قارىلىپ بۇ مەسىلە ئايدىڭلاشقاندى، بىراق ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش شەجەرىسى توغرىسىدىكى يېڭى كۆز قاراشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنىشى بىلەن، بۇ مەسىلە يەنە مۇجمەللىشىپ قالدى. دېمەك، ئىنسانلارنىڭ بىۋاستە ئەجدادىنىڭ كىملىكى يەنىلا تېخىمۇ كۆپ يېڭى ماتېرىياللار تېپىلغاندىلا ئاندىن ھەل بولىدۇ.

## 3. قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشى — ئىككى خىل سۈپەت ئۆزگىرىشى

بىز بىۋاستە ئەجدادىمىزنىڭ زادى قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ قايسى خىلى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ بېرەلمىسەك-

مۇ، لېكىن قەدىمكى مايمۇننىڭ قانداق قىلىپ ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى، نەزەرىيىۋى جەھەتتىن قىياس قىلالايمىز.

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشى ئىككى خىل سۈپەتنىڭ، يەنى ساپ بىئولوگىيىلىك قوشۇلما بولغان قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئىنسانلار جەمئىيىتىگە قاراپ ئايلىنىشىدىن ئىبارەت. بۇ ئايلىنىش جەريانى ناھايىتى ئۇزاق بولغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىگە خاس بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەر ۋۇجۇدقا كەلگەن جەرياندۇر. ئادەمنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ پەيدا بولۇشى دېمەكتۇر. بۇ جەرياندا، ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ توپلۇق مۇناسىۋىتى ئۆزگىرىش ياسايدۇ، ئۇ ساپ بىئولوگىيىلىك قوشۇلۇش ھالىتىدە تۇرىۋەرمەي، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئۇندۇرمە ھالىتىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە ئايلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، يەنى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىيلىقىمۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ھەم ئۇندۇرمە ھالىتىدە تۇرىدۇ.

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانى مۇئەييەن شارائىتتا داۋاملىشىدۇ. تەخمىنەن بۇنىڭدىن 10 ـ 20 مىليون يىللار بۇرۇن، يەر پوستىدا خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولغان، بۇ ۋاقىتتا دۇنياۋى تاغ يارىتىش ھەرىكىتى ناھايىتى ئەۋج ئالغان ـ دە، ھىمالايا تاغ تىزمىسى، ئالپ تاغ تىزمىسى، تىيانشان تاغ تىزمىسى ۋە باشقا تاغ تىزمىلىرى كەينى ـ كەينىدىن ھاسىل بولغان، ئافرىقىدا

بولسا ناھايىتى زور شەرقىي ئافرىقا ئۈزۈك ۋادىسى ۋۇجۇدقا كەلگەن. يەر شارى يۈزىدىكى ھارارەتمۇ كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ، ئومۇمىيۈزلۈك سوغۇق ھالەتكە كەلگەن، دەسلەپكى يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرىغا (بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئۈچ-بەش مىليون يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقا) كەلگەندە، ھىمالايا تېغى تېز سۈرئەتتە يۇقىرى ئۆرلەپ، كلىماتتىكى ئۆزگىرىشى جىددىيلەشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئىككى قۇتۇپنىڭ سوغۇق ھاۋاسى ئېكۋاتور تەرەپكە كېڭىيىپ، ئۈچ مىليون يىللار ئىلگىرىكى يېڭىلىنىش دەۋرى مابەينىدە مۇز دەۋرى بىلەن ئارىلىق مۇز دەۋرىنىڭ بىر قاتار ئالمىشىش ھادىسىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا (مەسىلەن ئافرىقىدا) بولسا يامغۇر دەۋرى بىلەن ئارىلىق يامغۇر دەۋرىنىڭ ئالمىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

يەر شەكلى بىلەن ھاۋا رايىدىكى چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ تەسىرى بىلەن ئىلگىرىكى ئىسسىق بەلباغ، مۆتىدىل ئىسسىق بەلباغدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئورمانلار ئاستا-ئاستا شالاڭلاشقان، ئورمانلىقتىكى بوش يەرلەر ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئورمانلىق جايلار تەدرىجىي ئازلاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى شالاڭ ئورمانلار بىلەن قۇرۇق ئوتلاقلار ئالغان، ئورمانلىق چېتىدە نۇرغۇنلىغان كەڭ-كەڭرى رايونلار ۋۇجۇدقا كەلگەن.

مۇھىت شارائىتىنىڭ تەدرىجىي ئۆزگىرىشى، دەرەختە ياشايدىغان قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ يەردە ياشىشىغا

تۆرتكە بولغان. بەزى ئالىملارنىڭ تەھلىل قىلىشىچە، ئۇ چاغدا يەردىكى ئوزۇقلۇقنىڭ دەرەختىكىدىن كۆپ مول بولغانلىقى، قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ يەرگە چۈشۈشىگە تۆرتكە بولۇپ، قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنى ئۆزىگە جەلىپ قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ئامىل ئۇلارنىڭ بەك كۆپىيىپ كېتىشى بولسا كېرەك، چۈنكى ئورمانلىقتىكى ئوزۇقلۇق چەكلىك بولغاچقا، ئۇلار يەرگە چۈشۈپ يېڭى تەرەققىيات يولى ئىزدەشكە مەجبۇر بولغان.

يەر يۈزىدىكى ئوزۇقلۇق كۆپ بولغىنى بىلەن، ئوزۇقلۇققا ئېرىشىش ئانچە ئوڭاي ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەر يۈزىدە زىيانداشلار كۆپ، ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا ئىنسانلارنىڭ ئەڭ قەدىمكى ئەجدادىنىڭ تېنى ئاجىز بولۇپ، ئۆتكۈر چىش-تىرناقلىرى بولمىغانلىقى، ئۇچقۇنىش كۈچ-قۇدرىتىمۇ كۈچلۈك بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۈزلۈكسىز كىچىكلەۋاتقان ئورمانلىق يەنىلا ئۇلارنىڭ يەر يۈزىدە ھەرىكەتلىنىشتە خەۋپ-خەتەردىن ساقلىنىدىغان پاناھ جايى بولۇپ ھېسابلىناتتى. دەرۋەقە، ئۇلار خەۋپ-خەتەردىن ھەر دائىم پاناھلىنىپ كېتەلمەيتتى، دېمەك دائىم يىرتقۇچ ھايۋانلار بىلەن قاتتىق ئېلىشىشقا مەجبۇر بولاتتى.

ئوزۇقلۇق تېپىش، دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىش، ھاياتلىق يولى ئىزدەش ۋە راۋاج تېپىشنى ئىلگىرى ياشىغان تار مەنىدىكى ھايۋانلارنىڭ ماسلىشىش يولى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغىلى

بولمايتتى، شۇڭا ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرى ئۇچۇن ئۆزلىرىنىڭ پۇت-قوللىرىنى نەرسىلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلەتتى، شۇڭلاشقا ئۇلار كەينى-كەينىدىن قولىغا كالتەك ھەم تاشلارنى ئېلىپ ۋە ئۆم كۈچكە تايىنىپ، جاپالىق شارائىتقا قارشى ھاياتلىق كۈرىشى ئېلىپ باردى.

يەر يۈزىگە چۈشۈپ ياشاش، شۇنىڭ بىلەن بىللە كالتەك-چوماق ھەم تاشلارنى ئىشلىتىش پائالىيىتىنىڭ تەدرىجىي ھالدا تىرىكچىلىكنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتى بولۇپ قېلىشى قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىچكى ۋە تاشقى ئامىللارنىڭ تولىسى مۇنداق دەپ تەكىتلەيدۇ: ئادەمسىمان مايمۇندىن ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدا قورالدىن پايدىلىنىش پائالىيىتىنىڭ ئىنسانلار ئۆرە مېڭىشتىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا يېقىن بولۇپلا قالماستىن، بەلكى بۇ پائالىيەت ئىنسانلارنىڭ ئۆرە تۇرۇش ھالىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغىمۇ تۈرتكە بولغان. ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ كالتەك-چوماق، تاش قاتارلىق قوراللارنى ئىشلىتىش پائالىيىتى تۇغما ھەرىكەت ئاساسىدا راۋاج تاپقان بىر خىل كۈچلۈك ئالاھىدە ماسلىشىش شەكلىدۇر. ئەمگەك قوراللىرى ئارقىلىق تەبىئەت دۇنياسىنى پائال ئۆزگەرتىش ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ ئۈندۈرمە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئىنسانلارنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكىنىڭ

بىخلىنىشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ بارلىققا كېلىۋاتقان جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنى تەرىپىدىن چەكلىنىپ تۇرىدۇ.

ئادەم تار مەنىدىكى ئادەتتىكىچە ھايۋان بولماي، ئۆزىگە خاس ماھىيەتكە ئىگە ھايۋان؛ ئادەم ئادەملىك سىياقىغا ساپ ھايۋانلىق سىياقىدىن بىراقلا قۇتۇلۇش بىلەن كىرگەن ئەمەس. ئوخشاش بولمىغان سۈپەت ئۆزگىرىشىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك بۇ جەريانى يېڭى ھالەت بىلەن كونا ھالەتنىڭ ماسلىشىش شەكلىنىڭ ئالمىشىشىدا ئەكس ئېتىدۇ.

ئىنسانىيەت پەيدا بولغان ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچتا، تاش، كالتەك ـ چوماقلارنىڭ ئىشلىتىلىشى تېخى كەم بولسا بولمايدىغان ياشاش ئۇسۇلى ئەمەس ئىدى. بۇنداق پائالىيەتنىڭ تاسادىپىيلىقتىن دائىملىققا ئۆزگىرىشكە ئەگىشىپ ئادەتكە ئايلىنىشى، شۇنىڭدەك تەرەققىي قىلىپ مۇقەررەرلىككە يېتىشى سان ئۆزگىرىشىنى بارلىققا كەلتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى قىسمەن خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغىمۇ سەۋەبچى بولدى، ئۇ مۇنۇ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ:

ئۇنىڭ زۆرۈرلۈكى. كېيىنكى دەۋرگە كەلگەنسېرى، تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش قوشۇمچە خاراكتېرلىك پائالىيەت ئەمەس، بەلكى تىرىكچىلىكتە كەم بولسا بولمايدىغان ۋاستە بولۇپ قالدى. ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرى بۇ "تەبىئىي قورال"لارنى ئىشلەتمىگەن بولسا، يەر يۈزىدە ھەرگىزمۇ ياشىيالمىغان

بولاتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ خىلمۇخىللىقى. ئىشلىتىلگەن تەبىئىي نەرسىلەر تۈر ۋە شەكىل جەھەتتىن خىلمۇخىل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى كۆپ جەھەتتە ئەسقاتاتتى.

ئۇنىڭ مۇرەككەپلىكى. تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش يولىدىكى بۇنداق پائالىيەتكە ئەگىشىپ، ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى جەريانىدا بىرمۇنچە چىگىش نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى، مەسىلەن، ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ تەن تۈزۈلۈشى ئۆزگىرىپلا قالماستىن، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇ-شىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىمۇ بىخ ئۇردى ھەم راۋاج تاپتى. خۇسۇسەن يېڭى ماسلىشىش شەكلى ئۇلاردىن مۇئەييەن شەكىلدە بىرلىشىشنى تەلەپ قىلدى، شۇڭا توپلۇق مۇناسىۋەتمۇ ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

كېيىنچە، ئادەمسىمان مايمۇنلار مېڭىسىنىڭ ئادەم مېڭىسىگە ئايلىنىشىغا ئەگىشىپ، ئادەمدە ئاڭ، ئىپتىدائىي تىل پائالىيىتى پەيدا بولدى، ئادەمنىڭ ئاڭلىق پائالىيەتچانلىقى بارلىققا كەلدى. ئاڭلىق پائالىيەتچانلىقنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش پائالىيىتىنىڭ ئاڭلىق ۋە مەقسەت-لىك ئېلىپ بېرىلىشى ئۆزلۈكسىز كۈچەيدى، كېيىنكى باسقۇچقا كەلگەنسېرى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ئۇلارنىڭ پائالىيىتىگە ھۆكۈم-

www.uyghurkitap.com

رانلىق قىلدى. تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان مۇنداق ئۇسۇل ۋە روشەن ئاڭلىقلىق، شۇ پەيتتە ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان ئادەمنى تەبىئىي قورالالارنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىتىش ئىمكانىيىتىگە، ئاخىردا قورال ياساش پەللىسىگە سەكرەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىش جەريانى قورال ياسىيالايدىغان ھەقىقىي ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. بىز بۇنىڭدىنمۇ شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ئىنسانلارنىڭ قورال-سايمان ياساش ۋە ئىشلىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بارغان پائالىيىتى ئۇلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ "ئالىي شەكلى" ھېسابلىنىدۇ. قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشتىكى ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تەبىئىي قورال ئارقىلىق ئېلىپ بارغان پائالىيىتى بولسا ئىنسانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتىنىڭ "باشلانغۇچ شەكلى" ھېسابلىنىدۇ.



1-3-رەسىم. قورال ياساش ئەمگىكى ئالىي شەكلىدىكى ئەمگەك.



2-3-رەسىم. "تەبىئىي قورال"دىن پايدىلىنىش — باشلانغۇچ شەكىلدىكى ئەمگەك.

ھازىر ئىككى خىل خاھىش بار، ئۇنىڭ بىر خىلى ئىنسانلار ئەمگىكىنى بىھۇدە مۇقەددەسلەشتۈرۈۋېتىدىغان ۋە سىرلىقلاشتۇرۇۋېتىدىغان خاھىش؛ يەنە بىر خىلى ئەمگەكنى سۇندۇرىدىغان ھەتتا ئەمگەكنىڭ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇندىن ئادەمگە ئايلىنىش جەريانىدىكى رولىنى يوققا چىقىرىدىغان خاھىش. ئەمەلىيەتتە بۇ كىشىلەر ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىش ھەم تەرەققىي قىلىش جەريانىدىكى "ئەمگەك"نىڭ زادى نېمە ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىپ كەتمەيدىغان.

"ئەمگەك" ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىكى ئەمەلىي پائالىيىتى، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىدىغىنى كەڭ مەنىدىكى يېڭى تۇرمۇش ماتېرىياللىرى، ماھىيەتتە، ئۇ ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ تاشقى مۇھىتقا ماسلىشىشىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ۋاستىسى ياكى ماسلىشىش ئۇسۇلى، شۇنداقلا ھاياتلىقنىڭ زۆرۈر شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ يېڭى مۇھىت شارائىتىغا ماسلىشىشى، بولۇپمۇ يەر يۈزىدە ياشاشقا ماسلىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشتە ئۇنۇمى تېخىمۇ زور.

ماسلىشىش ئۇسۇلى ماسلىششىنىڭ ئۆزى ئەمەس، شۇڭا ئەمگەكنىڭ ئۆزىمۇ ماسلىششىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ رولى ماسلىششقا پايدىلىق ئۇنۇم ھاسىل قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى جەريانىدىكى "ئەمگەك" بىلەن "ماسلىشىش"نىڭ رولى ئەمەلىيەتتە بىرنەرسە. بۇ يەردە، تەبىئىي قوراللار ئىشلىتىلگەن باشلانغۇچ شەكىلدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوڭقۇر تەسىرى شۇ يەردىكى، ئۇ ئىنسانلار ئەجدادىنىڭ، ئىرسىيەت بىلەن ماسلىششىنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىسىدا، ئىنسانلىققا قاراپ ئۇنۇملۇك تەرەققىي قىلىشىغا ئىمكانىيەت بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىنى كۈچلۈك ئالغا سۈرگەن.

## 4. ئادەم ئۆزىنىڭ ئالاھىدە گەۋدىسىگە قانداق ئېرىشكەن؟

ئىنسانلارنىڭ باشقا پىرىماتلاردىن پەرقى ئۆرە مېڭىش، قورال ـ سايمان ياساش ھەم ئۇنى ئىشلىتىش، چوڭ مېڭە ۋە تىل قاتارلىق جەھەتلەردە بولۇپمۇ ئەڭ مۇھىمى ئۆرە مېڭىشتا ئىپادىلىنىدۇ. ئۆرە مېڭىش بىز ئىنسانلارنىڭ ئالاھىدە گەۋدىمىزنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن.

ئىنسانلار ئەجدادى دەرەختىن يەرگە چۈشكەندىن كېيىن، يەردىكى تۇرمۇشنىڭ ئېھتىياجى بىلەن پۇت ـ قولىنىڭ ئىش

تەقسىماتى كۈندىن ـ كۈنگە تۇراقلاشقان، تەبىئىي قوراللارنى ئىشلىتىشتە قولنى كۆپ ئىشلەتكەچكە، قولى تىرەش رولىنى ئوينىشتىن بارا ـ بارا قۇتۇلۇپ، ئەمگەك مەشغۇلاتى ئېلىپ بارىدىغان مەخسۇس ئەزاغا ـ قول بىلەن بىلەككە ئايلانغان. قولنىڭ بارا ـ بارا چەبدەسلىشىشى بىلەن بىللە، پۇتمۇ تىرەي ـ دىغان ۋە بەدەننى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ئاساسلىق ئەزاغا ئايلىنىپ ئىككى قولنىڭ باش مالتىقى ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىۋەر ـ مىگەن، پۇت بارمانچۇقمۇ يەردە مېڭىشقا ماسلىشىش سەۋەبىدىن تەدرىجىي قىسقىراپ باشقا تۆت بارماققا يېقىنلاشقان، پۇتنىڭ باشقا بارماقلىرىمۇ شۇنىڭغا يارىشا قىسقىراپ تاپاندا ئىلاس ـ تىكلىقا ئىگە پۇت ئەگرىسى ۋە مۇستەھكەم راۋاج تاپقان سۆڭچاق بارلىققا كەلگەن، ئىككى پۇتقا ماغدۇر كىرىپ، ئۆزدىراپ، راۋاج تېپىپ، ئادەمنىڭ پاقالچەك ۋە پۇتى كېلىپ چىققان.

ئۆرە تۇرۇش ھالىتى ئىنسانلارنىڭ داس سۆڭىكىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى ئۆزگەرتكەن. داس سۆڭىكى ئوڭ، سول ئىككى ياقتىكى نامسىز سۆڭەك بىلەن دۇمبە تەرەپتىكى توققۇز كۆز ئومۇرتقىسىدىن تۈزۈلگەن، ھەربىر نامسىز سۆڭەك يەنە يانپاش سۆڭىكى، دوۋسۇن سۆڭىكى ھەم ئولتۇرغۇچ سۆڭىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمىدىن تۈزۈل ـ گەن. ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرا يېشىلىش دەۋرىدىكى ئەجدادى ئاساسەن تۆت پۇتى بىلەن ماڭاتتى، ئەگەر تۆت پۇت بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



3ـ3ـ رەسىم. ئادەمسىمان مايمۇننىڭ قولى (سولدىكى رەسىم) بىلەن ئادەم قولىنىڭ (ئوڭدىكى رەسىم) سېلىشتۇرمىسى.




4ـ3ـ رەسىم. ئادەم پۇتى بىلەن ئادەمسىمان مايمۇن پۇتىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.



5 ـ 3 ـ رەسىم. ئادەم پۇتى (يۇقىرىقى رەسىم)دا پۇت ئەگرىسى بار، ئادەمسىمان مايمۇن پۇتى (تۆۋەنكى رەسىم)دا پۇت ئەگرىسى يوق.

مېڭىشقا ماسلاشقان داس سۆڭىكى، تەكشى ھالىتىدىن نوقۇل ھالدا 90 گرادۇس كۆتۈرۈلسە، شۇنىڭ بىلەن بىللە داس سۆڭىكىگە ۋە پۇتقا يانداش مۇسكۇللارمۇ ئورۇنىنىڭ يۆتكىلىشىگە ئەگىشىپ ئۆزە ھالەتكە كېلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدۇ، ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش ياسىغاندىلا ئاندىن ھەرىكەت قىلغىلى بولىدۇ.



6 ـ 3 ـ رەسىم. گورىللا بىلەن ئادەمنىڭ داس سۆڭىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى جەريانىدا، تۆت پۇت بىلەن مېڭىش ھالىتىگە ماسلىشىدىغان داس سۆڭىكى ئىككى پۇت بىلەن ئۆرە مېڭىشقا ماسلىشىدىغان داس سۆڭىكىگە ئايلانغان. بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، ئۇ ئاساسەن تۆۋەندىكى باسقۇچلارنى بېسىپ ئۆتكەن:




7 ـ3 ـ رەسىم. داس سۆڭىكىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى.

(1) تەكشى ھالەتتىكى پۈتۈن داس سۆڭىكى 30 گرادۇس كۆتۈرۈلگەندە، تۆت پۇت بىلەن مېڭىش ئىقتىدارى ساقلانسىمۇ، لېكىن قىسمەنلا ئۆرە تۇرالايدىغان بولغان؛

(2) داس سۆڭىكىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى (يەنى يانپاش سۆڭىكى قىسمى) يۇمىلاق ئومۇرتقىغا ئۆزگەرگەندە، دۈمبە قىسمى (توققۇزكۆز ئومۇرتقا قىسمى) يەنە 30 گرادۇس كۆتۈرۈلگەن؛



www.Uyghurkitap.com

(3) توقـقوزكـۆز ئومۇرتـقـسى بىلەن تۇتـىشـىدىـغان بەل ئومۇرتقىسى ئارقىغا ئېگىلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ھېسابتا 30 گرا- دۇس كۆتۈرۈلگەن؛

(4) ئۆرە تۇرغان ۋاقىتتا ساغرىنىڭ ئالدىـغا سەنتۈرۈلۈپ چۈشمەسلىكى ئۈچۈن، توقـقوزكـۆز ئومۇرتـقـىسىنىڭ ئورنى ساغرىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەلـگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە، داس سۆڭىكىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى يانپاش سۆڭىكى ناھايىتى كېڭەيگەن، شۇنداق قىلىپ، داس سۆڭىكى ئىنسانـلارچە داس سۆڭىكىگە خاس ئاساسىي ھالەتنى ھازىرلىغان؛

(5) ئۆرە ماڭغانـدا بەدەن ئېغىرلىقى بىر پۇتتىـن يەنە بىر پۇتـقا ئۆتۈپ تۇرىـدۇ. شۇڭا ئۆرە ماڭغاندا ساغرىنىڭ ئىككى تەرەپكە قىڭغىيىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يانپاش سۆڭىكى قىس- قارغان ۋە كېڭەيگەن. يېسماق ساغرىنىڭ چوڭ مۇسكۇلى ئىككى تەرەپتىن بەدەننىڭ ئۆرە ھالىتىنى چىڭ ساقـلاپ تۇرىدىـغان بولغان؛

(6) پۈتۈن داس سۆڭىكى قىسـقارغان ۋە كېڭەيـگەن، توق- قوزكـۆز ئومۇرتـقـىسـمۇ شۇنىڭ بىلەن بىلـلە كېڭىيىپ، داس سۆڭىكىنىڭ ئاستى قىسمىنى ئاجراپ كېتىشتىن ساقلىغان.

ئىنسانلارنىڭ قىسقا، كەڭ، مىختا كەلگەن داس سۆڭىكى تۆت پۇت بىلەن ماڭىدىغانلارنىڭ داس سۆڭىكىدىن پەرقلىنىپلا قالماستىن، بەلكى يېرىم ئۆرە ھالەتتە ماڭىدىـغان ئادەمسىمان مايمۇنـلارنىڭ تار ۋە ئۇزۇن داس سۆڭىكىدىنمۇ ئالاھىدە

پەرقلىندۇ.

ئۆرە تۇرۇش ھەرىكەت قىلدىغان ئەزالاردا چوڭ ئۆز-گىردش پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى تەن قۇرۇلمىسىنىڭ باشقا جەھەتلىرىگىمۇ بىر قاتار خىلى قاتتىق تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن، ئۆرە تۇرۇشتا، باش ئالدىغا ئېڭىشىپ قالماي تۈز-لەنگەن، باش سۆڭىكىدىكى ياستۇقچە تۆشۈكنىڭ ئورنى ئارقا تەرەپتىن تەدرىجىي ھالدا ئالدى تەرەپكە يۆتكەلگەن؛ ئۆرە تۇرۇشتا، ئىچكى ئەزالارنىڭ رىتى ئۆزگىرىپ، ئېغىرلىقىنىڭ كۆپ قىسمى قورساق تېمىغا چۈشمەي، تۆۋەنگە قاراپ داس سۆڭ-كىنى باسىدىغان بولغان؛ ئۆرە تۇرۇش نەتىجىسىدە، بەدەننىڭ ئېغىرلىق مەركىزى ئۆزلۈكسىز تۆۋەنگە يۆتكىلىپ، ئومۇرتقا




8-3-رەسىم. ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ داس سۆڭىكى ۋە ئاستىنقى مۇچە سۆڭىكى بىلەن ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ داس سۆڭىكى ۋە ئاستىنقى مۇچە سۆڭىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

تۆۋرۆكى بارا ـ بارا S شەكلدەك ئەگرى ھالەتكە كەلگەن. ئۆرە
تۇرۇش گال بىلەن ئۆپكىنىمۇ ئازاد قىلىپ، ئېنىق سۆز بوغۇمى
چىقىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئاناتومىيىلىك فىزىئولوگىيە
شەرتىنى ھازىرلاپ بەرگەن.

ئىككى قول تەبىئىي نەرسىلەر ئارقىلىق دەسلەپكى شەكىلـ
دىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنى قىلغاچقا، ئۆرە بولۇشنىڭ
تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغان، ئۆرە بولۇش بولسا ئۆز نۆۋىتىدە
ئىككى قولنى تېخىمۇ ئازاد قىلغان، كېيىن تىلمۇ بارلىققا
كەلگەن، بۇ ئىككى جەھەتتىكى ئامىلنىڭ تۈرتكىسى بىلەن
تەپەككۇر پائالىيىتى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، تەپەكـ
كۇر پائالىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسى بولغان چوڭ مېڭىمۇ راۋاج
تېپىپ مېڭە سىغىمى ئاشقان، مېڭىنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىمۇ
ئۆزگىرىش ياسىغان، شۇنىڭ بىلەن ئادەمسىمان مايمۇننىڭ



9 ـ 3 ـ رەسىم. ئادەم باش سۆڭىكى بىلەن ئادەمسىمان چوڭ مايمۇن
بېشى سۆڭىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

مېڭىسى ئاستا ـ ئاستا ئادەم مېڭىسىگە ئايلانغان.

شۇنداق قىلىپ، ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادى يېڭى مۇھىتقا ۋە يېڭى تۇرمۇش ئۇسۇلىغا ماسلىشىش جەريانىدا، تەبىئىي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش ئارقىلىق، تەبىئەت دۇنياسىغا ئۇزلۇكسىز ھالدا ئۆزگەرتىش ئەھمىيىتىگە ئىگە ئەكس تەسىر كۆرسەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىمۇ ئۆزگەرتكەن. دېمەك، ئىنسان ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ھالىتى بىلەن دۇنياغا كەلگەن.



10 ـ 3 ـ رەسىم. ئادەم مېڭىسى بىلەن ئادەمسىمان مايمۇن مېڭىسىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

## 4. هازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ پەيدا بولۇشى

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ يەرگە چۈشۈشىدىن قورال ياسىيالايدىغان رەسمىي ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىغىچە بولغان جەريان ئۇزاق ئۆتكۈنچى باسقۇچتۇر، ئىنسانىيەتلىككە قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغان بۇ جەمەت ئىلىم-پەندە "بورۇنقى ئىنسانلار" دەپ ئاتىلىدۇ، بورۇنقى ئىنسانلار دېگەندە رەسمىي ئادەم پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى ئادەملەرنىڭ يېقىن ئەجدادى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان ئادەملەر دېگىنىمىز مانا مۇشۇ.

رەسمىي ئادەم، يەنى تولۇق ۋۇجۇدقا كېلىپ بولغان ئادەملەر تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە تەرەققىي قىلىپ، تا هازىرقى زامانچە ئادەملەر — زامانىۋى ئادەملەر پەيدا بولغۇچە ئۇزاق تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتتى. ئىپتىدائىي ئادەملەر ئاساسەن جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى (مايمۇنسىمان ئادەم)، ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم ۋە تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم پەيدا بولغان ئۈچ چوڭ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرگەن. ئەمەلىيەتتە ھەربىر باسقۇچ بىر مۇرەككەپ توپقا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

ھەرقايىسى باسقۇچ ئىچىدىكى ئەزالارنىڭ تەرەققىي قىلىشى تەكشى بولغىنى يوق، بەزى جەمەتلەر تەرەققىي قىلغان، بەزىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئاستىراق بولغان، يەنە بەزىلەر ۋاقىتىنچە چېكىنىپ كەتكەن، ھەتتا شىرەم جەمەتلەرگە ئايلىنىپ يېرىم يولدا توزۇپ كەتكەن. دەسلەپكى ۋە كېيىنكى باسقۇچ بىر ـ بىرىگە باغلىنىشتا كىرىشىپ كەتكەن، يەنى كېيىنكى باسقۇچتىكى ئايرىم جەمەتلەر بۇرۇنىراق پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن. دەسلەپكى باسقۇچتىكى بەزى جەمەتلەر ناھايىتى كېيىنكى مەزگىللەرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا ھەر خىل باسقۇچتىكى بەزى جەمەتلەر بىرلا ۋاقىتتا بىللە مەۋجۇت بولغان. قىسقىسى، ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى تاق لىنىيە بويىچە ئىلگىرىلىگەن ئەمەس. ھازىرقى زامان ئادىمىگە قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئاشۇ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانى چىگىش بىر كۆرۈنۈشنى گەۋدىلەندۇرگەن.

## 1. جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى (مايمۇنسىمان ئادەم)

مۇشۇ باسقۇچنىڭ ئەڭ بۇرۇن تېپىلغان تاشقاتمىسى 1924 ـ يىلى تېپىلغان تاشقاتمىدۇر. شۇ يىلى جەنۇبىي ئافرىقىدىكى (ئازانىيە) تۇئىن دەپ ئاتىلىدىغان جايدا، تاش قازغۇچى ئىشچىلارغا ئادەمنىڭ ۋە ئادەمسىمان مايمۇننىڭ باش سۆڭىكىگە

ئوخشايدىغان چىقىلىپ كەتكەن بىر باش سۆڭىكى ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ناھايىتى مۇكەممەل تەبىئىي مېڭە قاپچۇقىغا يېپىشىپ تۇرغان يۈز سۆڭىكى، يۇقىرىقى جاغ ۋە تۆۋەنكى جاغلىرى چىشى بىلەن بىللە ناھايىتى ياخشى ساقلانغان. شۇ چاغدا تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ ئالتە ياش ئەتراپىدىكى بالىنىڭ باش سۆڭىكى دەپ جەزملەشتۈرۈلگەن، شۇنداقلا، قەدىمكى ئادەم-سىمان مايمۇن بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق ھالقىغا ۋەكىللىك قىلسا كېرەك دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈلگەن، جۈملىدىن بۇنىڭغا "ئافرىقىنىڭ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى" دەپ نام بېرىلگەن. ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى بۇ تېپىلما ئىنسانلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تارىخىنىڭ بىر قاتار مۇھىم تېپىلمىلىرى-نىڭ مۇقەددىمىسىنى ئېچىپ بەردى.




1-4-رەسىم. جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى تېپىلغان ئورۇن ۋە ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تۈرلىرى.

شۇنىڭدىن باشلاپ، جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى تىپىدىكىلەر تاشقاتمىسى ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىكى نۇرغۇن جايلاردا (تۇڭنىڭدىن باشقا، ستېركفانتېئىن، كرومدرەي، سۋارتكران، ماكاپەنسگېيت ۋە باشقا جايلاردا) تېپىلىپلا قالماستىن، شەرقىي ئافرىقىدىكى تانزانىيىنىڭ ئولدۇۋاي جىلغىسى، كېنىيىنىڭ تۇركانا كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقى، ئېفىئوپىيىنىڭ ئوم جىلغىسى قاتارلىق رايونلاردىمۇ كۆپلەپ تېپىلدى. ئاسىيانىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى ياۋادا ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئىزلىرى بولۇشى مۇمكىن. 1974 - يىلىغا كەلگەندە، ئېفىئوپىيىنىڭ خاد رايونىدا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ 40 پىرسەنتى ساقلىنىپ قالغان بىر ئىسكىلىتى تېپىلدى (”لۇئوس قىز“ دەپ ئاتالدى)، شۇنىڭ بىلەن، ئەڭ بۇرۇنقى ئىنسانلار ئەجدادىنى ئىزدەش دولقۇنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

هازىر ئىلىم-پەندە ئادەمسىمان جەنۇب مايمۇنىنىڭ يۈز-لىگەن تاشقاتما قالدۇقلىرى ئىگىلەندى، بۇنىڭ ئىچىدە ئەر-ئايال ۋە ياش-قېرىلارنىڭ سۆڭەكلىرى ئاز ئەمەس، جۇملىدىن بىرمۇنچە باش سۆڭىكى، يۇقىرىقى جاغ، تۆۋەنكى جاغ، چىش، ئۇۋۇلۇپ كەتكەن تارغاق سۆڭىكى، نامسىز سۆڭەك، پۇت سۆڭىكى ۋە قول سۆڭەكلىرى بار.

بۇ ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ چىشىنىڭ ئادەمنىڭكىگە ئوخشاش ئىكەنلىكى، تۇمشۇقىنىڭ



www.uyghurkitap.com

قىسقاراق ئىكەنلىكى، گەجگىسىدىكى بويۇن مۇسكۇلىغا يېپىشىپ تۇرغان ئومۇرتقا سۆڭىكىنىڭ تۈز ئىكەنلىكى، داس سۆڭىكىنىڭ ئاساسىي شەكلى ئادەمنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقى مەلۇم بولدى؛ پۇت سۆڭىكىنىڭ بولۇپمۇ پۇتلىرىنىڭ ئالدى تەرەپكە قارىغان بارماقلىرىنىڭ ئادەمنىڭكىگە ئوخشايدىغانلىقى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ راۋرۇس ئۆرە تۇرالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. تاشقاتما ماتېرىيال-لىرى بىزگە يەنە شۇنى چۈشەن-دۈرۈپ بېرىدۇكى، جەنۇب ئادەم-سىمان مايمۇنلىرى سوكۇلداپ يۈگۈرۈشكە ماھىر ئىكەن، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى بىرقەدەر چاققان ئىكەن، بىراق دوكىراق ئىكەن، چۈنكى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ داس سۆڭىكىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئادەمنىڭكىدەك يانغا ئەمەس، ئارقىغا ئېگەيگەن، بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلارنىڭ يوتا سۆڭىكىنىڭ بويۇن قىسمى بېسىراق بولۇپ، ئادەمنىڭكىدەك يۇمىلاق ئەمەس، شۇڭا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ماڭ-




2-4 رەسىم. ستېركفانتېيىن دېگەن جايدىن قېزىپ ئېلىنغان جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

غاندا، ئۇنىڭ قەدىمى ئانچە تەكشى چۈشمەيدۇ.




3-4-رەسىم. راما ئادەمسىمان مايمۇنى، جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى بىلەن هازىرقى زامان ئادىمىنىڭ تۆۋەنكى جاغ سۆڭىكى ۋە چىشلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.




4-4-رەسىم. جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ يوتا سۆڭىكى بىلەن هازىرقى زامان ئادىمىنىڭ يوتا سۆڭىكى ۋە هازىرقى زامان ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ يوتا سۆڭىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تەۋەلىك مەسىلىسى توغرى-سىدا دەسلەپ ئىلىم-پەندە ناھايىتى كۆپ تالاش-تارتىش بولدى. باشتا ماتېرىيال كۆپ بولمىغانلىقتىن، ئۇ قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇن بىلەن ئادەم ئارىسىدىكى ئۆتكۈنچى تۈر دەپ قارالدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، تاشقاتما ماتېرىيال-لىرىنىڭ كۆپىيىشىگە، تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا، بولۇپمۇ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلار توپىنىڭ بەزى ۋەكىللىرى ياسىغان تاش قوراللارنىڭ تېپىلىشىغا ئەگىشىپ، كۆپلىگەن كىشى ئۇلارنى ئەڭ دەسلەپكى ئىپتىدائىي ئادەملەر دەپ قارايدىغان بولدى.

جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلار توپى دەۋرى ئىنسانلارنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدىكى مۇھىم بىر باسقۇچ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئەمدىلا مايمۇنلۇقتىن ئازاد بولۇپ چىققاچقا، مەيلى تەن ساپاسى جەھەتتە بولسۇن ياكى ئىجتىمائىي تۇر-مۇش جەھەتتە بولسۇن، خېلى كۆپ ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇلار قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارغا تازا ئوخشاپ كېتىدىغان ئادەملەر بولۇپ، ئەنە شۇلارلا رەسمىي ”مايمۇنسىمان ئادەم“ لەر ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا بەزىلەر كەسكىن تۇردە بۇ باسقۇچنى ”مايمۇنسىمان ئادەملەر باسقۇچى“ دەپ ئاتايدۇ.

جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى (مايمۇنسىمان ئادەم) ھەم چوڭ، ھەم مۇرەككەپ توپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشى خىلمۇخىل بولىدۇ، تېنىدىكى ئالاھىدىلىكلەرگە ئاسا-سەن، ئۇلارنى، كەم دېگەندە، تۆۋەندىكى تۆت تۈرگە ئايرىشقا

بولىدۇ:

ئەڭ بۇرۇنقى تۈرى "ئافار جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى" بولۇپ، ئۇنىڭغا 1974-يىلى تېپىلغان "لۇئوس قىز" ۋەكىللىك قىلىدۇ، بۇ تاشقاتمىغا ئۇ قېزىپ ئېلىنغان ئورۇن ئافار ئۈچ بۇلۇڭ رايونىنىڭ نامى قويۇلغان. مۇشۇ خىل تاشقا ئايلانغان ئادەمسىمان جەنۇب مايمۇنى بۇنىڭدىن ئۈچ مىليون 700 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان.

قولغا كەلگەن تاشقاتمىلاردىن شۇ نەرسە مەلۇم بولدىكى، بۇ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى ئۆرە ماڭالايدۇ، بىراق ئالىملار ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئۆرە مېڭىش ئىقتىدارى ئۈستىدە تالاش-تارتىشلار بار، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى "لۇئوس قىز"نى ھازىرقى زامان ئادەملىرىگە ئوخشاش راۋرۇس ئۆرە ماڭىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ، بەزىلىرى بولسا، ئۇ راۋرۇس ئۆرە ماڭالمايدۇ، دەرەخكە يامىشىدىغان قىسمەن ئادەتلىرىدىن تېخى خالاس بولۇپ كېتەلمىگەن، دەپ ھېسابلايدۇ. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ باسقۇچ ۋەكىللىرىنىڭ ئۆرە ماڭالايدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، تانزانىيەنىڭ لەيتولىر رايونىدا بۇنىڭدىن ئۈچ مىليون 700 مىڭ يىل ئىلگىرىكى يەر قاتلىمىدىن بىرمۇنچە ئاياغ ئىزى تېپىلغان، بۇ ئىزلار ئۆرە ماڭغان ئادەملەر ئىزى بولۇپ، بىر چوڭ ئادەمنىڭ كىچىك بالىنى يېتىلەپ ماڭغان ئىزىغا ئوخشايدۇ، بەزى ئالىملار بۇ ئىزنى ئافار جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ ئىزى بولۇشى

ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ قارايدۇ.

ئافار جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى ئۆرە مېڭىشتىن تاشقىرى، يەنە ئادەمسىمان مايمۇنلاردا بولىدىغان خېلى كۆپ ئالاھىدىلىككە ئىگە، مەسىلەن، ئۇنىڭ مېڭىسى كىچىك (تەخمىنەن 400cm³) بولىدۇ، چىشى ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، بىراق ئادەمسىمان مايمۇنلۇق تەبىئىتى كۆپرەك بولىدۇ، بولۇپمۇ ئىككى جىنس ئارىسىدىكى قوزۇق چىشلارنىڭ پەرقى ناھايىتى چوڭ.

ئەمەلىيەتتە، ئافار ئادەمسىمان جەنۇب مايمۇنى "بۇرۇنقى ئىنسانلار" بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى بۇنداق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ تاشقاتمىسى قېزىپ ئېلىنغان يەر قاتلىمىدىن تا ھازىرغا قەدەر ئۇلار ياسىغان تاش قوراللار تېپىلغىنى يوق. ئېھتىمال ئۇلار تېخى تاش قوراللارنى ياسىيالايدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار كېيىنكى دەۋردىكى ھەر خىل جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ ئورتاق ئەجدادى دەپ قارىلىپ كەلدى.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئۈچ مىليون يىللار ئىلگىرى "ئافرىقا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى" پەيدا بولغان، بۇ خىل مايمۇنلار 1924-يىلى ئەڭ بۇرۇن بايقالغان جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇلار ئاساسەن جەنۇبىي ئافرىقا بىلەن شەرقىي ئافرىقىغا جايلاشقان. بۇنداق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ جۈغى كىچىكرەك بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

باش سۆڭىكى سىلىقراق، ئۈستۈنكى ئومۇرتقىسى راۋاج تاپال-مىغان، كۆرەك ۋە قوزۇق چىشلىرى چوڭ، ئېزىق چىشى بولسا نىسپىي ھالدا كىچىكرەك، بىراق ئۇلارنىڭ ئېزىق چىشى ئادەملەرنىڭكىدىن خېلىلا چوڭ، مېڭىسى 500cm³ بولۇپ، ئۇلار "زىلۋا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

ئەڭ بۇرۇنقى تاش قورال شەرقىي ئافرىقا رايونىدىن تېپىلغان، بۇ تاش قوراللار بۇنىڭدىن تەخمىنەن ئىككى مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاش قوراللار بولۇپ، تولىمۇ قوپال ۋە ئاددىي ئىدى. ئىنسانلار تاش (ياكى تۇخۇمسىمان تاش) لارنىڭ بىر ئۇچى ياكى بىر گىرۋىكىنى سەل-پەل چوقۇۋېتىپ ئوتۇن كەسلەيدىغان ياكى ئوتۇن يارىدىغان قوراللارنى ياسىغان، بۇ ئىلىم-پەندە "تاش ئەسۋابلار" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئولدۇۋاي جىلغىسىدىن تېپىلغاچقا، "ئولدۇۋايچە ئەمگەك قوراللىرى" دەپمۇ ئاتالغان.

بۇ ئاددىي تاش قوراللارنى ئالىملارنىڭ ھەممىسىلا ئافرىقىنىڭ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى ياسىغان دەپ قارىمايدۇ، ئۇلارنى باشقا بىر خىلدىكى تېخىمۇ ئالىيراق ئىپتىدائىي ئادەملەر — "قابىل ئادەملەر" ياسىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدىغانلىرىمۇ بار.

قابىل ئادەملەر ئەنە شۇ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى تۈپىنىڭ تەرەققىي تاپقان تىپى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ ئالاھىدىلىكى كېيىنكى باسقۇچتىكى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرگە

ئوخشاپراق كېتىدۇ، مېڭىسىمۇ چوڭ بولۇپ، 670cm³ قا يېتىدۇ، ئۇلىدۇۋاي ئەمگەك قوراللىرىنى بولسا ئەنە شۇلار ياسىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار "قابىل ئادەملەر" — ھۈنەردە مەلىكىلىك ئادەملەر دەپ ئاتالغان. بۇنىڭغا ئاساسەن، بەزى ئالىملار ھەتتا ئۇلارنى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى دائىرىسىدىن چىقىرىپ، "ئادەم ئۇرۇقدىشى" ئىچىگە كىرگۈ-زىدۇ. بىراق شۇنىمۇ كۆرمەي بولمايدۇكى، بۇ قابىل ئادەملەرنىڭ پۇت سۆڭەكلىرى بىلەن ئالدى چىشلىرى ناھايىتى ئىپتىدائىي بولۇپ، ئادەم ئۇرۇقدىشىنىڭ باشقا ئەزالىرىغا زادىلا ئوخشىمايدۇ، شۇڭا بەزىلەر ئۇلارنى كېيىنكىلەرنىڭ ئىلغار تىپى سۈپىتىدە زىلۋا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى قاتارىغا كىرگۈزىدۇ. قابىل ئادەملەر تىپىنىڭ ۋەكىل-لىرى ئەڭ كېيىنكى مەزگىللەرگىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

ئەڭ ئاخىرقى بىر تىپتىكى مايمۇنلار ناھايىتى تەمبەل جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى بولۇپ، ئۇلار كەم دېگەندە بۇنىڭدىن ئىككى مىليون 200 مىڭ يىللار ئىلگىرىلا پەيدا بولغان. ئۇلار قەددى-قامەتلىك، باش سۆڭىكى يوغان كېلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئۈستىدە بولجۇڭ گۆشلۈك چوڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئېزىق چىشى بەك چوڭ، كۆرەك چىشى بىلەن قوزۇق چىشى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە كىچىك بولىدۇ، مېڭىسى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 520cm³ كېلىدۇ، ئۇلار "تەمبەل جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى" دەپ ئاتىلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

تەمبەل جەنۇب ئادەمسىمان
مايمۇنى يەنە جەنۇبىي ئافرىقا ۋە
شەرقىي ئافرىقا مايمۇنى دەپ
ئىككى تىپقا بۆلۈنىدۇ، كېيىنكىسى-
نىڭ ئەڭ ئاتاقلىق ۋەكىلى 1959-
يىلى ئولدۇۋاي جىلغىسىدىن
تېپىلغان ”شەرقىي ئافرىقا ئادىمى“
بولۇپ، ئۇ تېخىمۇ بەستلىك،
ئىلىم-پەندە ”بويسېي جەنۇب
ئادەمسىمان مايمۇنى“ دەپ
ئاتىلىدۇ.



1470-نومۇرلۇق ئادەم
باش سۆڭىكى

5-4-رەسىم. تەرەققىي
تاپقان جەنۇب ئادەمسىمان
مايمۇنى — 1470-نومۇرلۇق
ئادەم باش سۆڭىكى (بۇنىڭ-
دىن 2 مىليون 400 مىڭ-2
مىليون 600 مىڭ يىللار بۇرۇن
ياشىغان).

تەمبەل جەنۇب ئادەمسىمان
مايمۇنىنىڭ قورال-سايمان
ياسايدىغان-ياسىيالمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى كۆز قاراش ھەر
خىل-ھەر ياڭزا. بەزىلەر ياسىيالمايدۇ دەيدۇ، بىراق ئافرىقىدا
ئۇزاق يىللار خىزمەت قىلغان ئامېرىكا ئالىمى پروفېسسور
ھوۋېل 1975-يىلى دۆلىتىمىزنى زىيارەت قىلغاندا، ماڭا ئېيتىپ
بېرىشىچە، جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ كرومدرەيدىكى B رايونىدىن ھەم
شەرقىي ئافرىقىدىكى تۇركانا كۆلىنىڭ ئىلۇراتتىكى بىر يېرىدىن
تاش قوراللار چىققان، جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ
تاشقاتمىسى پۈتۈنلەي تەمبەل مايمۇنلار تىپىغا مەنسۇپ ئىكەن،
بۇنىڭدىن بىز تەمبەل جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىمۇ قوپال

تاش قوراللارنى ياسىيالايتتى دەپ قاراشقا ھەقلىقمىز. شۇنىمۇ ئېيتقاچ ئۆتەيلىكى، تۇركانا كۆلىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى كوبى فورا رايونىدا، ئېيتشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن ئىككى مىليون 610 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاش قوراللار تېپىلغان، كېيىن ئۇلار قايتا تەكشۈرۈپ چىقىلغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ۋاقتى ئىككى مىليون يىلدىن ئاشمايدۇ دەپ قارالغان.



6 ـ 4 ـ رەسىم. ئىككى تۈرلۈك جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ باش سۆڭىكى. سولدىكىسى زىلۋالار تىپى؛ ئوڭدىكىسى تەمبەللەر تىپى، ئۈستىدىكىسى ئالدىدىن كۆرۈنۈشى؛ ئاستىدىكىسى چوققىسىنىڭ كۆرۈنۈشى.

قىياس بويىچە، جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلاتى ناھايىتى ئاددىي بولۇپ، ئۇلار كىچىك توپلار بويىچە بىرلىكتە ياشىغان. ئىپتىدائىي ئىنسانلار توپى ئىچىدىكى

نىكاھ مۇناسىۋىتى قەدىمى ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئادەمگە ئايلىنىشىغا قەدەر بولغان ئۆتكۈنچى باسقۇچتىكىگە ئوخشاش چەكلەنمەيدىغان تەرتىپسىز مۇناسىۋەت بولماي، دەسلەپكى قەدەمدە ئەقەللىي چەكلەر قويۇلغان مۇناسىۋەت بولۇشى مۇمكىن، ئېھتىمال ئاددىي تىل بىلەن ئۆزئارا ئالاقىلىشىدىغان پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئالىملاردا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى توپىنىڭ بۇ تۆت خىل ۋەكىلىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ئۈستىدە خىلمۇخىل قىياسلار بار، بۇلاردىن كەڭرەك دائىرىدە قوبۇل قىلىنغان بىر نەزەرىيە شۇكى، بۇنىڭدىن ئالاھازەل تۆت مىليون يىللار ئىلگىرى، دەسلەپكى تىپتىكى ئافار جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى پەيدا بولغان، ئۇلار قورال ياسىيالمىغىنى بىلەن، ئوزۇقلۇق



7-4-رەسىم. ئىككى تۈرلۈك جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇننىڭ ئەسلىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن سۈرىتى. سولدىكىسى زىلۋالار تىپى، ئوڭدىكىسى تەمبەللەر تىپى.

تېپىش ھەم دۈشمەندىن مۇداپىئەلىنىشتە تەبىئىي نەرسىلەردىن كۆپ پايدىلانغان، ئۆرە مېڭىشنىمۇ بىلىۋالغان. كېيىنكى تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدا ئافرىقىنىڭ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى پەيدا بولغان. كېيىنكىسى يەنە بىرقانچە جەمەتكە ئايرىلغان، ئۇنىڭ ئىچىدىكى تەمبەل جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى دەپ ئاتىلىدىغان مايمۇنلارنىڭ چىشىدىكى ئالاھىدىلىككە قاراپ، بۇ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ تېپىك چۆپخور ئىكەنلىكىگە، ئەڭ ئاخىردا ئۇلارنىڭ نەسلى-ۋەسلىدىن يوقىلىپ كەتكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالايمىز.

يەنە بىر جەمەتى ھەر خىل ئوزۇقلۇقلارنى يەيدىغان تەرەپكە




8-4-رەسىم. ئافرىقىنىڭ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى، تەمبەل جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى، بويسېي جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى ۋە قابىل ئادەمنىڭ ئەسلىگە تەقلىد قىلىپ ئىشلەنگەن سۈرىتى.

تەرەققىي قىلىپ، گۆشىنىمۇ ئاز-تولا يەيدىغان بولغان، كېيىنچە، يەيدىغان گۆش تەركىبى كۆپەيگەن. ئۇلار قورال ياساشقا ئۇستا بولۇپ، زىلۋا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى توپىدىكى ئىلغار تىپقا — "قابىل ئادەملەر"گە ئايلانغان. كېيىنكى دەۋردىكى ئىنسانلار قابىل ئادەملەر تىپىدىكى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

يەنە بىر خىل كۆز قاراشتىكىلەر، كېيىنكى دەۋردىكى ئىنسانلار ئافرىقىنىڭ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىدىن بىۋاستە تەرەققىي قىلىش ئارقىسىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن دەپ قارايدۇ.

قىسقىسى، جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى توپى ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى جەريانىدا شۇنداق بىر تارىخىي باسقۇچنى بېسىپ ئۆتتىكى، قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇن ئادەمگە ئايلانغان ئاخىرقى سەكرەش ئەنە شۇ باسقۇچتا ئەمەلگە ئاشقان، ئافار جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى مۇشۇ سەكرەشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدا ئاساسلىق ۋەكىل بولغان بولۇشى مۇمكىن، كېيىنكى دەۋرنىڭ ھەر خىل تىپتىكى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچىنى تەشكىل قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى "قابىل ئادەملەر"نىڭ قورال ياساش جەھەتتىكى مەلىكىلىك ھۈنىرى ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى باسقۇچقا ئۆكۈشلۈق ئۆتۈشىگە تۈرتكە بولغان.

## 2. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم ئىلگىرى "مايمۇنسىمان ئادەم" دەپ ئاتالغان.

گېرمانىيەنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىچىسى ھېككىل "مايمۇنسىمان ئادەم" توغرىسىدىكى چۈشەنچىنى ئەڭ بۇرۇن ئوتتۇرىغا قويۇپ، مايمۇنسىمان ئادەمنى قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇن بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى ھالەت دەپ قارىغان.

1891 - يىلى، ھىندونېزىيىدىكى ياۋا ئارىلىنىڭ چۈنىر دېگەن يېرىدىن تۇنجى قېتىم ئۇلارنىڭ قالدۇق سۆڭىكى تېپىلغان، ئاۋۋال بىر باش قاپقا سۆڭىكى تېپىلىپ، كېيىن شۇ ئەتراپتىن يەنە بىر يوتا سۆڭىكى تېپىلغان، يوتا سۆڭىكىنىڭ شەكلى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكىگە ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ، بۇ يوتا سۆڭەك ئىگىسىنىڭ راۋروس ئۆرە ماڭالايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. لېكىن. باش قاپقا سۆڭىكى يەنىلا ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئېپتىدائىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بۇرۇن "ئۆرە ماڭىدىغان مايمۇنسىمان ياۋا ئادىمى" دەپ ئاتالغان، دەسلەپتە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەر ئۆرە ماڭىدىغان مايمۇنسىمان ئادەمنىڭ راست مەۋجۇت ياكى مەۋجۇت ئەمەسلىكى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ تالاش - تارتىش قىلغان،

www.uyghurkitap.com

كېيىن مەملىكىتىمىزدىكى جۇكۇديەندە بېيجىڭنىڭ ئۆرە ماڭىدىغان ئادىمى («بېيجىڭ مايمۇنسىمان ئادىمى») ۋە ئۇنىڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى تېپىلغان، مانا شۇ چاغدا كىشىلەر بۇ باسقۇچقا نىسبەتەن ئېنىق تونۇش ھاسىل قىلغان، "مايمۇنسىمان ئادەم" ئەڭ بۇرۇنقى تارىخنىڭ ئەڭ دەسلەپكى باسقۇچى سۈپىتىدىلا ئىلىم-پەن ساھەسىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

يېقىندا، تېخىمۇ بۇرۇنراق زاماندا ئۆتكەن ئىنسانلار تاشقاتمىسىنىڭ كۆپلەپ تېپىلىشى مۇناسىۋىتى بىلەن جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى ئىلىم-پەندە ئىنسانلار تارىخىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىغا كىرگۈزۈلدى، جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىلا ئىسمى جىسمىغا لايىق مايمۇنسىمان ئادەم دەپ قارىلىدىغان بولدى، شۇنداق قىلىپ، ئەسلىدىكى مايمۇنسىمان ئادەم باسقۇچى ئىككىنچى ئورۇنغا كىرگۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئىلمىي نامىغا ئاساسەن، بۇ باسقۇچ "ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچى" دەپ ئۆزگەرتىلدى.

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدىكى تاشقاتمىلار ھازىر كونا چوڭ قۇرۇقلۇقتىن خېلى كۆپ تېپىلدى، جۈملىدىن ئۆرە ماڭىدىغان ياۋا ۋە بېيجىڭ ئادىمىدىن باشقا، يەنە گېرمانىيىدىكى ھېيدېلبۇرگلىقلار، ۋېنگرىيىدىكى ۋېرتزوررىسلار، ئالجىرىيە بىلەن ماراكەشتىكى ماۋرىتانلار، تانزانىيىدىكى لىكىلار، جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كاپلار مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر تېپىلغان ئورۇن 11 دىن ئاشتى، مەسىلەن،

بۇ ئورۇنلاردىن يوەنمۇ ئادد-
مى، لەنتيەن ئادىمى، خېشەن
ئادىمى ۋەھاكازالار تېپىلدى.
ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر بىلەن
دەۋرداش مەدەنىي يادىكارلىق-
لارمۇ خېلى كۆپ تېپىلدى.



9-4-رەسىم. ياۋا ئادىمىنىڭ
باش قاپىقا سۆڭىكى بىلەن يوتا
سۆڭىكى.

ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ
ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرگە
ئايلىنىش باسقۇچىدا ئۆرە
تۇرۇش ھالىتى ناھايىتى مۇ-
كەممەللەشكەن، بۇنى پۇت
سۆڭىكى تۈزۈلۈشىنىڭ ھازىر-
قى زامان ئادەملىرىنىڭكىگە
ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدىغان-
لىقىدىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا
بولىدۇ. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم-
لەرنىڭ تولىسىنىڭ بويى
150 ـ 170 سانتىمېتر ئەتراپىدا
بولۇپ، تەن ئېغىرلىقى 50 ـ 70
كىلوگرام كېلىدۇ. جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى
باسقۇچىدا ئانچە كېڭىيەلمىگەن، مېڭە ھەجمى مۇشۇ باسقۇچقا
كەلگەندىلا خېلى تېز كېڭىيىپ، 1000 ـ 1300cm³غا يەتكەن.

مېڭە ھەجىمىنىڭ بىردىنلا ئېشىشى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدا تەن ساپاسىنىڭ تەرەققىي قىلىشىدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.

بەزى ئالىملار، ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ مېڭە ھەجىمىنىڭ بىردىنلا ئېشىشى ئۇلارنىڭ ئالاھىدە بولغان ئوۋچىلىق ئۇسۇلىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن، يەنى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر ئوۋ ھايۋانلىرىنى توختىماستىن قوغلاپ يۈرىدىغان ئۇسۇلنى قوللانغان بولۇشى مۇمكىن، دېمەك، ئوۋچىلار ئوۋ ھايۋانلىرىنى نۆۋەت بىلەن قوغلاپ، ئۇلارنى توختاتماي يۈگۈرتكەن، تاكى ئۇلار ھالسىزلىنىپ يىقىلغانغا قەدەر قوغلىغان، ئوۋچىلىقنىڭ مۇشۇ ئۇسۇلى ئوۋچىنىڭ ئۆرە مېڭىشتا خېلى مەزمۇت بولۇشىنى تەلەپ قىلىپلا قالماستىن، ئۇنىڭ خېلى ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇشىنىمۇ تەلەپ قىلىدۇ، چوڭ مېڭىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، مېڭە ھەجىمىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەنە شۇ سەۋەب بولغان، دەپ قارايدۇ.

ئوۋچىلىقنىڭ راۋاجلىنىشى ئوزۇق گۆش تەركىبىنى كۆپەيتكەن، بۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى زور دەرىجىدە ياخشىلاپلا قالماستىن، مېڭە ۋە يۈلۈننىڭ تېخىمۇ راۋاج تېپىشى ئۈچۈن زۆرۈر ماتېرىياللارنى يەتكۈزۈپ بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پىششىق يېمەكلىكلەر بەدەننى يېرىم ھەزىم قىلىنىدىغان، ئوبدان ئوزۇقلۇق بولىدىغان يېمەكلىكلەر بىلەن تەمىنلىگەن، شۇنىڭ نەتىجىسىدە مېڭە ۋە يۈلۈننىڭ تەرەققىي

قىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر خىمىيۋى شەرت - شارائىت ھازىرلانغان.

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ قورال ياساش ماھارىتى خېلى ئۈستۈن بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل تاشلارغا ھەر خىل يوللار بىلەن ئەجرە سىڭدۈرۈپ قورال ياسىغان، قوراللارنىڭ تۈرلىرىمۇ كۆرۈنەرلىك كۆپەيگەن، "كېسىش - چېقىش قورالى"، "ئۈچلۈق قورال"، "قىرىش قورالى"، "ئويۇش قورالى" قاتارلىق ھەر خىل ئىشلارغا باب قوراللارنى ياسىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قوراللار بويىچە مۇئەييەن رايونلۇق پەرقلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، مەسىلەن، ياۋروپا ۋە ئافرىقا قاتارلىق رايونلاردا ناھايىتى چىرايلىق ئاي پالتا ياسالغان، دېمەك، ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنغا




10 - 4 - رەسىم. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر تاشقاتمىسىنىڭ دۇنيادا تېپىلىشى.

قارىغاندا كۆپ تەرەققىي قىلغان.

مۇشۇ باسقۇچ مەدەنىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ ئۇتۇق ئىنسانلارنىڭ ئوتنى بويسۇندۇرغانلىقىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىشى تاش قورال ياساشتىن كېيىنكى يەنە بىر چوڭ كەشپىيات ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مەلۇم تەبىئىي كۈچنى ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر قىلغان، بۇ — ئىنسانلار مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور ئىلگىرىلەش. ئوت پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئادەملەر توپى ئوتنى چۆرىدەپ توپلاشقاچقا، ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان ئۆملۈك ھايات ئۈچۈن ئاساس يارىتىلغان. ئوت پەيدا بولغاندىن كېيىن، ئىنسانلاردا يېڭى تەلەپلەر بارلىققا كەلگەن، لېكىن ئوتقا قاخلىنىش ئادەم بەدىنىنى ئىسسىتقان بىلەن، ئۇنىڭ قاتتىق سوغۇققا بەرداشلىق بېرىش قۇۋۋىتىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەن، ئىسسىغان بەدەنگە سوغۇق تېخىمۇ بىلىنىدىغان بولغان، شۇڭلاشقا ئىپتىدائىي ئادەملەر سوغۇقتىن مۇداپىئە كۆرۈش يوللىرىنى ئىزدەشكە — ھايۋان تېرىلىرىنى بىر-بىرىگە ئىلىۋېلىپ يېپىنچاقلاپ كىيىشكە مەجبۇر بولغان، بېيجىڭ ئادىمى چىققان خارابىلاردىن ھايۋان تېرى-لىرىنى تېشىشكە ئىشلىتىلىدىغان خېلى كۆپ تاش بىگىز، ئۇچلۇق قوراللار تېپىلدى. ئوت پەيدا بولغاندىن كېيىن، يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ يېيىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغاچقا، ئىنسانلارنىڭ جىسمانىي قۇۋۋىتى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئىنسانلارنىڭ يۇڭدىماي يەيدىغان ئىپتىدائىي ھالىتىدىن

قوتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى، بۇ ئىنسانلارنى ئازاد قىلىش، جەھەتتە بىباھا ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرگە خاس تەن ھالىتى ئۇلارنىڭ باش سۆڭىكىدە كۆرۈنەرلىك ئىپادىلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ مېڭەسىنىڭ ھەجمى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ چوڭ بولىسمۇ، بىراق ئۇنىڭدا ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خېلى كۆپ ئالاھىدىلىكلەر ساقلىنىپ قالغان. مېڭە ئاساسەن ئۇزۇنلۇق دىئامېتىرى ۋە كەڭلىك دىئامېتىرى يۆنىلىشى بويىچە چوڭايغان. ئېگىزلىك دىئامېتىرى ئۇنچە گەۋدىلىك بولمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ باش قاپقا سۆڭىكى پەس، قىسقا ۋە ئارقىغا قىيسايغان بولىدۇ، باشنىڭ ئاساسىي قىسمى چوڭ، باش دىۋاردىكى سۆڭەك پىلاستىنكىلىرى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، 10 نەچچە مىللىمېتىرغا بارىدۇ. باشتىكى سۆڭەكلەر — گەجگە سۆڭىكى، قاش سۆڭىكى، ۋە تۆپە سۆڭىكى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، كۆچەيتىش خاراكتېرىدىكى بۇنداق قۇرۇلما ئۆرە ماڭغۇچى ئادەمنىڭ باش سۆڭىكىنى ناھايىتى يوغىناتقان، ئۇلارنىڭ ئاستىنقى جاغلىرىنىمۇ تومپايىماس ھالەتكە كەلتۈرگەن. بۇنداق ئالاھىدە باش شەكلى بەزى ئالىملاردا، ئۆرە ماڭغۇچى ئادەم ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ ئەجدادىمۇ ياكى ئەمەسمۇ، دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىپ قويدى.

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم ئاساسەن يەر تارىخىنىڭ دەسلەپكى

يىگىلىنىش دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىن تا ئوتتۇرا يىگىلىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىگىچە ياشىغان. كونكرېت ۋاقىت جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرى بۇنىڭدىن ئىككى مىليون يىللار ئىلگىرى پەيدا بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئاخىرقى مەزگىلدىكى ۋەكىللىرى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 مىڭ يىللار ئىلگىرىگىچە ياشىغان ۋە ئاساسەن




11-4-رەسىم بېيجىڭ ئادىمى باش سۆڭىكى بىلەن ھازىرقى زامان ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

بۇنىڭدىن 500 مىڭدىن 1 مىليون 500 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان بولۇشى مۇمكىن، ئايرىم ۋەكىللىرى ھەتتا نەچچە ئون مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان بولۇشى مۇمكىن.

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر ئوت ئىشلىتىشنى ئۆگەنگەنلىكى، ھايۋان تېرىلىرىنى بىر-بىرىگە ئىلىپ-كىيىم سۈپىتىدە يېپىنچاقلاپ ئالىدىغان بولغانلىقى ۋە ئوۋ ئوۋلاش ماھارىتىنى ئۆستۈرگەنلىكىدىن، ئۇلارنىڭ كونا قۇرۇقلۇقتىكى تارقىلىش دائىرىسى خېلى زور دەرىجىدە كېڭەيگەن، تەتقىقاتلاردىن قارىغاندا ئۇلار بىرقانچە ئېنىق دىيارلارغا تارقالغان، ياۋروپا ۋە شىمالىي ئافرىقىدا ئاساسەن ئوتتۇرا يەر دېڭىزى ساھىللىرىنى بويلاپ تارقالغان، ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىدا شەرقىي ئافرىقا چوڭ جىراسىدىن جەنۇبىي ئافرىقىنىڭ ترانسۋائال رايونىغىچە تارقالغان. جەنۇبىي ئاسىيادا مالاي يېرىم ئارىلىدىن جەنۇبقا قاراپ ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا ئارىلىغىچە تارقالغان، شىمالدا بولسا مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن رايونىغىچە تارقالغان ۋە ئۇلار تارقالغان جايلار يۈننەندىن شەرققە سوزۇلۇپ، ئوتتۇرا جۇڭگو رايونى ئارقىلىق شەرقىي شىمالغا بۇرۇلۇپ، ياي شەكلىدە جايلىشىش بەلبېغىنى ھاسىل قىلغان.

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچى خېلى مۇرەككەپ باسقۇچ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن ئالىملار ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ياشىغان دەۋرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇلارنى ئاساسەن ئىپتىدائىي دەسلەپكى دەۋر

تىپىدىكىلەر ۋە ئىلغارراق بولغان كېيىنكى دەۋر تىپىدىكىلەر دەپ ئايرىدى، ئالدىنقىسى ئاساسەن دەسلەپكى يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ ئاخىرىدىن ئوتتۇرا يېڭىلىنىش دەۋرىنىڭ بېشىغىچە ياشىغانلار بولۇپ، ئۇلاردا ئىپتىدائىي ئالاھىدىلىكلەر خېلى كۆپ ساقلانغان، ئۇلارنىڭ مېڭىسى كىچىكرەك كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەزى ۋەكىللىرىدە يەنە زىلۋا تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ ئۆرە ماڭىدىغان ئادەمگە ئايلىنىشىدىكى خۇسۇسىيەتلەر ئەكس ئېتىدۇ.

كېيىنكى دەۋر تىپىدىكى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتىن كۆرۈنەرلىك تەرەققىي قىلغان، ئۇلارنىڭ مېڭە سىغىمى زور دەرىجىدە ئاشقان، ئۇلار ئوت ئىشلىتىشنى بىلىپلا قالماستىن، ئوتنى تىزگىنلەش، چوغنى ساقلاش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولغان بولسا كېرەك، بەزى خارابىلەردە ئۇلارنىڭ ئوتتىن پايدىلىنىپ ئوۋ قىلغان ئىزنالىرىمۇ بار. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر ئۆڭكۈرلەردە خېلى ئۇزۇن مەزگىل تۇرۇشتىن تاشقىرى، ئوچۇقچىلىقتىمۇ پاناھلايدىغان ۋاقىتلىق تۇرالغۇلار ياسىغان.

بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىككى خىل ئۆرە ماڭىدىغان ئادەمدىن باشقا، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كېيىنرەك دەۋرىدىكى يەنە بىر خىلى، يەنى بۇرۇنقى نىئاندىت ئادەملىرى توپىدىكى تەمبەللەر تىپى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر دائىرىسىگە كىرىدىكەن، ئۇلار ئاساسەن بۇنىڭدىن 100—200 مىڭ يىللار

ئىلگىرى ياشىغان، ئۇلارنىڭ بەزى ۋەكىللىرى تېخىمۇ كېيىنكى دەۋردە ياشىغان بولسا كېرەك. ئۇلار ئافرىقىنىڭ رودېزىيە ئادىمى، ياۋروپانىڭ نىئاندىرتال ئادىمى، گرېتسىيىنىڭ پىترانوۋنا ئادىمى، جۇڭگونىڭ دالى ئادىمى، مابا ئادىمى، ياۋانىڭ سولو ئادىمى ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت. بۇمۇ بىر خىل كۆز قاراش.

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر "دەسلەپكى ئۇرۇقداشلىق باسقۇچى"نىڭ تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرگەن. ھەرقايسى توپلار چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلىغاندا ئۆزئارا ھەمكارلىشىش بىلەن ئوۋلايدىغان بولسا كېرەك، ئۇلار خېلى يۇقىرى ئەقىلپاراسەتكە ئىگە بولۇپ، مەنىۋى جەھەتتە ئۆز تۇرمۇشىنى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى توپىدىن كۆپ مەزمۇنلۇق ئۆتكۈزگەن. ئۇلاردا گۈزەللىك ئېڭىمۇ ھاسىل بولغان بولسا كېرەك، ئۇلار ياسىغان پالتا قورال-سايمان بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى ئۆزىنىڭ ناھايىتى سىلىق، نەپىس ياسىلىشى بىلەن سەنئەت بۇيۇمى دېيىشكىمۇ لايىق كېلىدۇ. ئۇلار ئۆز بەدىنىنى قىزىل سۇرمەتاش (قىزىل تۆمۈر مەدىنى) بىلەن بويىغان بولسا كېرەك، ئۇلار بۇنى گۈزەل بولۇش ئۈچۈنلا قىلغان ئەمەس، بۇ ئىش ئىپتىدائىي دىنىدىن دېرەك بەرسە كېرەك، شۇنداقلا بۇ ئىپتىدائىي "ئادەمخورلۇق"نىڭ پەيدا بولۇشىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى توپىدىكى قابىل ئادەم

www.uyghurkitap.com

بلەن ئۆرە ماگىدىغان ئادەملەرنىڭ دەسلەپكى دەۋرى تىپىدىكى بەزى ۋەكىللىرى بۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىچە كۆرۈنۈشكە بولغان. جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىدىن ئۆرە ماگىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى مەلۇم بىر مۇئەييەن رايون ئىچىدە چەكلىنىپلا قالماستىن، بەلكى كونا قۇرۇقلۇقتىكى بىرقانچە مۇۋاپىق رايونلاردىمۇ ئەمەلگە ئاشقان، ئۆرە ماگىدىغان ئادەمنىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى تاشقاتما ئاقىل ئادەمگە ئايلىنىشىمۇ مۇشۇنداق بولغان بولسا كېرەك.

ئۆرە ماگىدىغان ئادەمنىڭ قانداق قىلىپ ئاقىل ئادەمگە ئايلانغانلىقى توغرىسىدا ئىلىم-پەن ساھەسىدە ھەر قىسما پىكىرلەر بار. بۇ يەردە ئالىملارنىڭ تولىسى قوشۇلغان بىر نەزەرىيىنى، يەنى رايونغا بۆلۈنۈپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلغانلىقى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى تونۇشتۇرىمىز. ئۆرە ماگىدىغان ئادەملەر توپىنى جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى بويىچە، تۆت رايونغا ئايرىشقا بولىدۇ، ھەرقايسى رايوننىڭ ۋەكىللىرى تەن تۈزۈلۈش جەھەتتە مۇئەييەن دەرىجىدە پەرقلىنىدۇ، ئۇلار كېيىن قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلىپ ھازىرقى زاماندىكى ئاقىل ئادەملەرگە ئايلانغان:

غەربىي شىمال رايونىدىكىلەر (ياۋروپادىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

— قېشىنىڭ ئۈچى كەينىگە بولىدۇ ۋە تۆۋەنگە قىيسىيىپ كەينى تامانغا چۈشۈپ تۇرىدۇ. دۇقا ماڭلاي، كۆزنىڭ چانىقى

سەل يانغا تارتىلغان، بۇرنى قاڭشالىق كېلىدۇ.

غەربىي جەنۇبىي رايوندىكىلەر (ئافرىقىدىكىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

— قېشىنىڭ ئۈچى كەينىگە ئېگىلگەن بولىدۇ ۋە تۆۋەنگە قېيسىپ كەينى تامانغا چۈشۈپ تۇرىدۇ، كۆزىنىڭ چاناقلىرى سەل يانغا تارتىلغان، ماڭلىيى تۈز، پېشانە كاۋىكى چوڭ، چىشى يوغان، بۇرنى كەڭ بولىدۇ.

شەرقىي شىمال رايونىدىكىلەر (جۇڭگونىڭ كۆپ قىسىم رايونىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)

— دوقا ماڭلاي، قېشى تۈز، كۆزىنىڭ چاناقلىرى ئۇدۇل، ئالدىغا قارىغان، ئۇدۇل چىشى كۆرەكسىمان بولىدۇ، چىشىدا مۇشۇ رايون ۋەكىللىرىگە خاس بىر قاتار قۇرۇلمىلار بولىدۇ، تۆۋەنكى جاغىدا يۇملاق ياستۇقسىمان بۆرتمە بولىدۇ.

شەرقىي جەنۇب رايونىدىكىلەر (ئاسسەن ياۋا ئارىلىدىكىلەر)

— مېڭە ھەجمى كىچىك، پېشانىسى ياپىلاق، كۆزىنىڭ چانىقى ئۇدۇل ئالدىغا قارىغان بولىدۇ.

بىراق، تاشقاتما ھالىتىدىكى ئاقىل ئادەمگە كونكرېت قانداق ئايلىنىش مەسىلىسى ھازىر تېخى تازا ئېنىقلانغىنى يوق، بۇنىڭ ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ تاشقاتما ماتېرىياللىرىنى توپلاپ، تېخىمۇ چوڭقۇرراق تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا بۇ مەسىلە ئاخىرقى ھېسابتا ھەل بولىدۇ.

## 3. تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 100 نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەڭ ئاخىرقى تەدرىجىي تەرەققىيات باسقۇچىغا يەنى ھازىرقى زامان ئادەملىرى پەيدا بولغان باسقۇچقا قەدەم قويغان. ھازىرقى زامان تىپىدا بولغان ئىپتىدائىي ئادەملەر "تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەملەر"دۇر، بىزدىكى ھازىرقى زامان ئادەملىرىمۇ ئاقىل ئادەم تۈرىگە مەنسۇپ بولغاچقا، تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەملەرنىڭ ھازىرقى زامان ئادەملىرى بىلەن ئايرىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئىپتىدائىي ئاقىل ئادەم دېگەن ئىسىم ئالدىغا "تاشقا ئايلانغان" دېگەن سۆز قوشۇلۇپ، "تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم" دەپ ئاتالغان.

بۇ باسقۇچ ئىلگىرى ئادەملەرنىڭ ئىلىم-پەندە "قەدىمكى ئادەم" ۋە "يېڭى ئادەم" دەپ ئايرىلغان ئىككى باسقۇچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئالدىنقى باسقۇچتىكىلەرنىڭ تاشقاتما ماتېرىياللىرى ئەڭ دەسلەپ 1856-يىلى گېرمانىيىنىڭ دىيۇسېلدورف شەھىرى ئەتراپىدىكى نېئاندېت جىلغىسىدىن تېپىلغان، شۇڭا بۇ تاشقاتما ۋەكىلىنىڭ نامى "نېئاندېت ئادىمى"، دەپ ئاتالغان؛ كېيىنكى باسقۇچتىكىلەرنىڭ تاشقاتمىسى ئەڭ دەسلەپ 1868-يىلى فرانسىيىنىڭ كرومانيون كەنتىدىن تېپىلغان بولۇپ،

"كرومانيون ئادىمى" دەپ ئاتالغان.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئىلىم-پەندىكى ھەر تەرەپلىمە تەتقىقاتلار ئارقىلىق، ھازىر كۆپلىگەن ئالىملار قەدىمكى ئادەم باسقۇچىنىڭ قىسمەن ۋەكىللىرىنى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر توپىغا كىرگۈزدى، قالغانلىرىنى "يېڭى ئادەم" باسقۇچىغا قوشۇۋېتىپ، نامىنى "تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم" باسقۇچى دەپ ئۆزگەرتتى. بۇنداق قوشۇۋېتىش ئورۇنلۇق، تەن ساپاسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەمنىڭ ۋەكىللىرى ئارىسىدا مۇھىم پەرق يوق. بۇنىڭدىن باشقا، ئىقتىسادىي فورماتسىيە، ئىجتىمائىي قۇرۇلما ۋە مەنىۋى تۇرمۇش جەھەتلەردە بۇ ئىككىسىنى بىر



12-4-رەسىم. نىئاندىرتال ئادىمىنىڭ باش قاپقا سۆڭىكى
(بۇنىڭدىن 200 مىڭ—40 مىڭ يىللار ئىلگىرى)

باسقۇچ قىلىپ قوشۇۋېتىشقا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئورۇقداشلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە مۇئەييەنلەشكەن باسقۇچتا

ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت جەمەتتىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى سۈنئىي ئوت ھاسىل قىلىشنى ئۆگەنگەنلىكى ۋە تۈر-غۇن قۇراشتۇرما قوراللارنى (نەيزە، تاش شار، ئوقيا ۋە باشقا قوراللارنى) ياسىغانلىقىدۇر، ئەلۋەتتە، بۇ ئادەملەرنى كونك-رېت تونۇشتۇرۇشتا، بەزى ئالىملار يەنە "قەدىمكى ئادەم"نىڭ بەزى ۋەكىللىرىنى "تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم"نىڭ دەس-لەپكى باسقۇچتىكى ۋەكىللىرى دەپ، "يېڭى ئادەم"نى "تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم"نىڭ كېيىنكى باسقۇچتىكى ۋەكىللىرى دەپ ئاتاشقا خۇشتار.



13-4-رەسىم. نىئاندېرتال ئادىمىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن رەسىمى.

ئالدىنقى بىر باسقۇچقا سېلىشتۇرغاندا، "تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم"نىڭ تەن ساپاسىدىكى ئۆزگىرىشى ناھايىتى چوڭ، تۆۋەندىكى جەدۋەلگە قاراڭ:

2-جەدۋەل. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم بىلەن تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەمنىڭ تەن ساپاسى جەھەتتىن سېلىشتۇرۇلۇشى

| | ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم | تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم |
|---|---|---|
| مېڭە ھەجمى | $1000\ cm^3$ | $1500\ cm^3$ |
| باش سۆڭىكى دىۋارىنىڭ قېلىنلىق دەرىجىسى | 10 mm | 7.5 — 5 mm |
| باش شەكلى | يايپاڭ، ئۈستىدە سۆڭەك قىرى بار | يۇملاق |
| باش ئېگىزلىكى | ئۇزۇنچاق، باش سۆڭىكى تۆۋەن | تىك رادىئۇسى چوڭايغان |
| باش سۆڭىكىنىڭ تېگى | يايپاڭ | تۆۋەنگە كېڭەيگەن |
| گەجگە ئومۇرتقىسى | ئوڭ-سولى تۇتاشىدۇ، گورىزونتال ھالەتتە دېگۈدەك بولىدۇ | ئوڭ-سول ئىككى يېنى 45° لۇق ئارا بۇلۇڭ ھالىتىدە بولىدۇ |
| يۈزى | چوڭ، چوقچىيىپ چىققان | نىسپىي كىچىك، تىكسىمان بولىدۇ |
| چىشى | چوڭ | كىچىك |
| قاش قىرى | چوڭ، چوقچىيىپ تۇرىدۇ | ئىنچىكىرەك، قاشسىمان ئەگرى بولىدۇ |
| بۇرنى | يايپاڭ | چوقچىيىپ تۇرىدۇ |
| ئەمچىكى | كىچىك، ئىچىگە تارتىلغان | چوڭ، ساڭگىلاپ تۇرىدۇ |
| ئېڭىكى | ئىچىگە تارتىلغان | ئالدىغا چوقچىيىپ چىققان |

يۇقىرىدىكى سېلىشتۇرمىدىن شۇنى كۆرۈشكە بولىدۇكى، تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەمنىڭ تەن ھالىتى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭكىدىن ناھايىتى ئېنىق پەرقلىنىدۇ، ھازىرقى زامان ئادەملىرىدىن بولسا ھېچقانداق پەرقلەنمەيدۇ.

تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم ئاسەن بۇنىڭدىن 20 مىڭ — 70 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان، بۇ ئۇلارنىڭ تازا روناق تاپقان دەۋرى بولۇپ، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ھازىرقى زامان ئادەملىرى تۇسىگە كىرگەن، ئۇلار نېمە ئۈچۈن شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شۇنچە چوڭ ئۆزگىرىش ياسىغان؟

ھازىرقى زامان تىپىدىكى ئادەملەر تەرىپىگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، ئۇلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدىكى ئۆزگىرىشى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى باسقۇچىدا ئاساسەن ئۆرە تۇرۇش ھالىتىنىڭ مۇئەييەنلىشىشىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بۇنىڭدا پۇتىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى ئېنىق بولغان؛ ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدا ئاساسەن مېڭە ھەجمىنىڭ ئېشىشىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، بۇنىڭدا مېڭە قېپىنىڭ ئۆزگىرىشى ئېنىق بولغان؛ ئەمما تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىدا، ئۆزگىرىش ئاساسەن چىرايىغا، بولۇپمۇ ئېنىق سۆزلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرى (بوغۇز) ۋە مۇناسىۋەتلىك قىسىملار (كېكىردەك ۋە بۇرۇن قاتارلىقلار)غا مەركەزلەشكەن، ئالىملارنىڭ بەزىلىرى بۇ نۇقتىنى قاتتىق تەكىتلەيدۇ.

ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ بوغۇزى كۆكرىكىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا بولىدۇ، ئۇلاردا ئۇستۇنكى كېكىردەك يوق دېيەرلىك بولىدۇ، ئادەمنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بوۋىقىدىمۇ خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ. ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم ۋە دەسلەپكى باسقۇچتىكى قىسمەن ”نىئاندىتلار“نىڭ بوغۇزىمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى يۇقىرى قىسمىدا بولۇپ، ئېغىز-يۇتقۇنچاق قىسقا بولىدۇ، شۇڭا، مۆلچەرىمىزچە، ئۇلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىشى تەرەققىي قىلمىغان.

ئېنىق بوغۇملۇق تىل ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى جەريانىدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بوغۇملۇق تىلنىڭ پەيدا بولۇش ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن، ئىنسانلارنىڭ تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىمۇ ئۆزگەردى ۋە تەرەققىي قىلدى. ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ بوغۇز ئورنى تۆۋەنلەپ، سوزۇلغان ئېغىز-يۇتقۇنچاق بارلىققا كەلدى، بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس ئاۋازىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئۈچۈن ناھايىتى پايدىلىق، ئېغىز-يۇتقۇنچاقنىڭ مۇسكۇل دىۋارى ئۇزارغاندىن كېيىن ئۇنىڭ شەكلىنىڭ ئۆزگىرىشىگىمۇ پايدىلىق بولدى، نەتىجىدە نۇرغۇن سوزۇق تاۋۇشلار ھاسىل بولدى.

تاۋۇش چىقىرىش ئەزالىرىنىڭ ئۆزگىرىشىگە، بولۇپمۇ ئېغىز-يۇتقۇنچاقنىڭ سوزۇلۇشىغا ئەگىشىپ، شۇنىڭغا يارىشا باش سۆڭىكىنىڭ ئاستى تۆۋەنگە قاراپ كېڭىيىپ، يۇمىلاقلاشتى، تۆش ئوقۇرەك ئەمچەكسىمان ئۆسكۈچە مۇسكۇلغا يېپىشىپ تۇرغان ئەمچەكسىمان ئۆسكۈچە يوغىناپ، ئىچىگە تارتىشىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان ھالەتتىن ساڭگىلاپ تۇرىدىغان تىك ھالەتكە ئۆزگەردى. تىلىنىڭ ئارقا قىسمى تۆۋەنگە يۆتكىلىپ ئېغىز يۇتقۇنچاقنىڭ ئالدىنقى دىۋارىنى ھاسىل قىلدى، تىل كەينىگە تارتىلىپ، يۈزمۇ ئالدىغا تومپىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان ھالەتتىن كەينىگە تارتىپ ساڭگىلاپ تۇرىدىغان تىك ھالەتكە ئۆزگەردى، چىش كىچىكلەپ، قاش قىرى يوقالدى. لېكىن بۇرۇن بىلەن ئېڭەكنىڭ ئالاھىدە رولى ئاجىزلاشمىغانلىقىدىن، بۇرۇنى ئورنىدا تۇرىۋەردى، يۈزنىڭ ھەممە قىسمى كەينىگە تارتىلغان ئەھۋال ئاستىدا، ئۇلار ئالدىغا ناھايىتى ئېنىق تومپىيىپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، بوغۇملۇق تىلنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ قىياپىتى بارلىققا كەلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن، تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچى ئۇرۇقداشلىق ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋە مۇئەييەنلەشكەن باسقۇچتا تۇراتتى، ئۇ بۇ باسقۇچتا ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلىنىشنىڭ ئۇرۇق سىرتىدىن نىكاھلىنىشقا ئۆزگىرىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئارقىلىق يەتتى. نىكاھ تۈزۈمىدىكى بۇ ئۆزگىرىش گۇرۇھ ئىچىدىكى قانداشلىق قۇدىلىقنى بىكار قىلدى، كىشىلەرنى ئۇرۇق ئىچىدىن نىكاھلىنىش تۈزۈمىنىڭ يېقىن تۇغقانلار ئارا نىكاھلىنىپ نەسىل كۆپەيتىدىغان، تەنىنىڭ يېتىلىشىگە يامان تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىللەتلىرىدىن خالىي قىلدى، بۇ ئىنسانلارنىڭ تېخىمۇ ساغلام بەدەن بولۇشىغا تۈرتكە بولدى. تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەملەرنىڭ بارلىققا كېلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولماي تۇرۇپ، تەن ساپاسىنىڭ




14-4-رەسىم. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق، ئادەمسىمان مايمۇن، نېئاندېرتال ئادىمى ۋە ھازىرقى زامان ئادەملىرى بوغۇزىنىڭ سېلىشتۇرمىسى.

تېزلىكتە ھازىرقى زامان ئادەملىرى ھالىتىگە يېتەلىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ئەنە شۇ يۇقىرىقى ئۆزگىرىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدۇر.

تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىدا ماددىي مەدەنىيەت-مۇ زور دەرىجىدە يېڭىچە تۈس ئالدى، سۇنئىي ئوت ھاسىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئىگىلەش مۇشۇ باسقۇچتا ئېرىشىلگەن ئالا-ھىدە مۇۋەپپەقىيەتلەرنىڭ بىرى. بۇ ۋاقىتتا تاش قوراللارنى ياساش تېخنىكىسىدىمۇ يېڭىلىق يارىتىلدى، بۇ باسقۇچتا قوراللارنى بىۋاستە چېقىپ ياساش ئۇسۇلى قوللىنىلىپلا قالماي، ۋاستىلىك ھالدا ياپىلاقلاش ۋە يېسىلاپ-يونۇپ ئىشلەشتەك يېڭى ھۈنەر-لەرمۇ كەشىپ قىلىندى. شۇ چاغدىكى تاش قورال-لار ناھايىتى نەپىس ياسالغان ۋە كىچىك قىلىپ ياساش تەرەپكە قاراپ

تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ كامالەك، ئوق، كىرىچنىڭ ئورگانىك بىرىكىشىدىن ئوقيانىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئادەملەر پۈت-قولىنىڭ ئىقتىدارىنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى، ئۇ ئىنسانلارنىڭ يۈكسەك ئەقىل-پاراستىنىڭ جەۋھىرىدۇر.



15-4-رەسىم. كونا تاش قورال دەۋرىدىكى كىشىلەر ياسىغان تاش قوراللار.

بۇ ۋاقىتتا كەلگەندە، كىشىلەر سىلىقلاش ۋە تۆشۈك تېشىش ھۈنىرىنىمۇ ئىگىلىگەن، بۇ باسقۇچتا سۆڭەك يىڭنىلەر بارلىققا كەلگەن، بۇ ئۇلارنىڭ كىيىم تىكىپ كىيىشنى بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ۋە بۇ ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ تېرىلەرنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ كىيىم قىلىپ كىيىشكە قارىغاندا زور يۈكسىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىدا، ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن، ئىپتىدائىي دىن ۋە سەنئەت پائالىيەتلىرى بارلىققا كەلگەن. سەنئەت ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن ئەمگەك-ئىش-

لەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم دەرىجىگە يېتىشى-نىڭ مەھسۇلىدۇر. تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىنىڭ ئاخىرىدا، كىشىلەر تام سىزمىلىرى، لاي ھەيكەللەر، ئويمىكار-لىق بۇيۇملىرى ۋە ھەر خىل زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ئىجاد قىلدى، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى تەبىئەت بىلەن ئەمگەكنى ئوبيېكت قىلغان ھالدا ئىشلەنگەن، ئۇلار ئىپتىدائىي ئادەملەر-نىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يۇكسەلدۇرۇشتە ئاكتىپ رول ئوينى-غان. كېيىنچە بۇ سەنئەت ئەسەرلىرى تۇرمۇش جاھازلىرى ۋە ئەمگەك قوراللىرى ئۈستىدىمۇ كەڭ كۆلەمدە پەيدا بولۇشقا باشلىدى، ئۇلار زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى بىلەن بىللە، تۇرمۇشقا گۈزەللىك قوشۇش رولىنى ئوينىدى. سەنئەتنىڭ راۋاج تېپىشى-مۇ ئىپتىدائىي ئادەملەردە گۈزەللىككە بولغان چۈشەنچىنىڭ ھاسىل بولغانلىقىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

لېكىن، ئىپتىدائىي سەنئەت بۇيۇملىرىدىمۇ رېئال دۇنيادىكى بىرمۇنچە ۋەقەلىكلەر بۇرمىلانغان ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، مەسىلەن، داخانىلىق ھەرىكىتى مەزمۇنىنىڭ ئىپتىدائىي ئادەملەر مېڭىسىدىكى دىنىي ئاڭنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكى ناھا-يىتى ئايان. بۇنىڭدىن باشقا، تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەملەرنىڭ خارابىسىدىن ئۆلگۈچىنى ئالايىتەن دەپنە قىلىشتەك ئەھۋاللار بايقالغان، ھەتتا ئىپتىدائىي گۆرلەرگە جەسەت بىلەن بىللە نۇرغۇنلىغان نەرسىلەر، مەسىلەن، زىبۇزىننەت بۇيۇملىرى، قورال-سايمانلار ۋە يېمەكلىكلەر بىرگە كۆمۈلگەن. بەزىلەر

www.uyghurkitap.com

ئۆلگۈچىنىڭ ئەتراپىغا قىزىل سۇرۇق تاش ئۇۋۇدقىنىمۇ چېچىپ قويغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ئۆلگۈچىگە بولغان غەمخورلۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، ئاخىرەتكە چوقۇنۇش ئىپتىدائىي دىنىنىڭ ئىنسانلار تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىپتىدائىي دىن دەسلەپكى ئادەملەرنىڭ تەبىئەت دۇنياسى ئۆزلىرىنىڭ ئۈستىگە سالغان دۇشۋارلىقلاردىن ئىلاھىي كۈچنىڭ ياردىمى ئارقىلىق قۇتۇلۇش ئارزۇسىدا بولغان خام خىياللىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەمدە ئۇ ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ مەلۇم تەبىئەت ھادىسىلىرى ۋە ئىجتىمائىي



16-4-رەسىم. تاشقا ئىشلانغان ئاقىل ئادەمنىڭ سەنئەت بۇيۇملىرى. ئۈستۈنكىسى پىل چىشىدىن ياسالغان ئات؛ ئاستىنقىسى تاشقا ئويۇلغان مەبۇدە.

ھادىسىلەر ھەققىدىكى ئىلمىي ئاساسى يوق بىر خىل پەرىزى ۋە قىياسىدۇر.

تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىدا، كىشىلەر كىيىم تىكىپ كىيىش بىلەن سوغۇقتىن ساقلىنىشنى بىلىپلا قالماستىن، بەلكى يامغۇر-يېشىنلاردىن پانا لىنىدىغان ئاددىي ئۆيلەرنى سېلىشنىمۇ كەشپ قىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ھەرقاچان چوغلارنى ساقلاپ، ھەرقانداق شارائىت ئاستىدىمۇ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدىغان بولغان. ئۇلارنىڭ ئايىغى جەنۇبىي قۇتۇپتىن باشقا بارلىق قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز-ئوكيانلاردىكى ئاساسىي ئاراللارغىچە تەگكەن.

ئىپتىدائىي ئادەملەر ھەر خىل مۇھىت شارائىتىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ بارغاندىن كېيىن، ئەسلىدىكى ئۆزە ماگىدىغان ئادەملەرنىڭ رايونلارغا بۆلۈنگەن ۋەكىللىرى تېنىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا، ئۇزۇن داۋاملاشقان تەدرىجىي تەرەققىيات ئارقىلىق، بارا-بارا ھازىرقى ھەرخىل تەنلىك ئىرقلارغا ئايلانغان.

ھازىر دۇنيا بويىچە سېرىق تەنلىكلەر، ئاق تەنلىكلەر، قارا تەنلىكلەر ۋە قوڭۇر تەنلىكلەر دەپ تۆت چوڭ ئاساسلىق ئىرق بارلىققا كەلدى. ھەربىر ئاساسلىق ئىرق يەنە تېخىمۇ كۆپ كىچىك ئىرقلارغا بۆلۈنىدۇ. ھازىرقى زامان ئىلىم-پەنلىرىدە ئومۇمەن ئىرق تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىدا ناھايىتى تېز ۋۇجۇدقا كەلگەن دەپ قارىلىدۇ. تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەمنىڭ تاشقاتمىسىدىمۇ بۇ نۇقتا ھەققەتەن ئەكس ئېتىدۇ. مەسىلەن، ياۋروپادىكى كرومانيون ئادىمىنىڭ تېنىدە ئاق تەن-

لىكلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بەزى روشەن ئالاھىدىلىكلەر بار، مەملىكىتىمىزدە تېپىلغان تاغ چوققىسى ئۆڭكۈرى ئادىمى، ليۇجياڭ ئادىمى ۋە باشقىلاردىمۇ ئىپتىدائىي سېرىق تەنلىكلەر-نىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئەكس ئېتىدۇ.

ئىرق زادى قانداق پەيدا بولغان؟ ئىلىم-پەندە بۇ مەسىلە تېخى پۈتۈنلەي ئېنىق ھەل بولۇپ كەتكىنى يوق.

ئىرقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە مۇناسىۋەتلىك ئامىللارنىڭ خېلى مۇرەككەپ ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىيلاشقان ئەمگەك ئەمەلىيىتى ئىرقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن بولۇشى مۇقەررەر، بىراق بۇ جەھەتتە يەنە چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلە ئۈستىدىكى بىرقەدەر ئومۇمىيراق تونۇش مۇنداق: ئىرق ۋۇجۇدقا كەلگەن دەسلەپكى باسقۇچتا، ھەرخىل جۇغراپىيىلىك مۇھىت ۋە تارىخىي شارائىت ئىرق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ھاسىل بولۇشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن، تۈرلۈك ئىرقلار ئالاھىدىلىكىنىڭ تولىسى مۇئەييەن شەرت-شارائىتقا ماسلىشىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان. تەن رەڭگىدىن ئالساق، قارا رەڭلىك ۋە قوڭۇر رەڭلىك ئىرقلار، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئافرىقا بىلەن جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، بۇ يەرلەرنىڭ كىلىماتى ناھايىتى ئىسسىق، نەم بولۇپ، قۇياش نۇرى ناھايىتى تولۇق چۈشۈپ تۇرغاچقا، قارا رەڭلىك تېرە ئۈلترا بىنەپشە نۇرىنى

كۆپ مىقداردا قوبۇل قىلىپ، ئورگانىزمغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزۈشنىڭ ئالدىنى ئالغان؛ ئاق تەنلىكلەر ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا ۋە ئوتتۇرا يەر دېڭىزى قىرغاقلىرىدىكى مۆتىدىل بەلباغ رايونلىرىدا، بولۇپمۇ ياۋروپانىڭ شىمالىي قىسمىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇ يەرلەرنىڭ كىلىماتى سوغۇق، نەم بولۇپ، ئاسماندا ئاق بۇلۇتلار ھەمىشە لەيلەپ يۈرىدۇ، قۇياش نۇرى ئاجىز بولۇپ، ئادەم ئورگانىزمىنىڭ ئۇلترا بىنەپشە نۇرىغا بولغان ئېھتىياجى باشقا رايونلارنىڭكىدىن زور بولغاچقا، تېرە رەڭگى بارا ـ بارا سۇسلىشىپ كەتكەن. سېرىق تەنلىكلەر ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن شەرقىي ئاسىيانىڭ يايلاقلىرىدا ۋە يېرىم قۇملۇق جايلاردا ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئۇ يەرلەرنىڭ كىلىماتى قۇرغاق بولۇپ، قۇم ـ بوران كۆپ بولغاچقا، تېرە رەڭگى سېرىق بولۇپ قالغان. بۇنىڭدىن باشقا، كۆزنىڭ ئىچكى بۇرجەكلىرىدە، يۇقىرىقى قاپاق ساڭگىلاپ، ئاستىنقى قاپاقنى يېپىۋېلىپ قاپاقنىڭ ئالاھىدە بىر قۇرۇلمىسىنى ھاسىل قىلغان، بۇ قۇرۇلما ياش بەزلىرىنى قوغداپ، كۆز قۇرۇشۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بۇ قۇرۇلما «موڭغۇل قاپىقى» (موڭغۇل قاتلىقى) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىسى قىزىقكى، ئافرىقىنىڭ كالاخارى چۆلىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى بۇشمانلارنىڭ تېنىمۇ قارا بولماي، سېرىق بولغان. بۇنى مۇھىت شارائىتىدىكى ئوخشاشلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان.

ئەلۋەتتە، كۆرگىلى بولىدىغان، تۇتقىلى بولىدىغان بۇ سىرتقى ئالاھىدىلىكلەردىن باشقا، ئادەمنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك بەزى فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەردىمۇ مۇئەييەن ئىرق پەرقى ئەكس ئېتىدۇ، بۇ خىل ئىرق پەرقلىرى ئىلىم-پەندە ھازىر چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىنماقتا.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتقاچ ئۆتەيلىكى، ئىنسانىيەت ئىرقىنى تەن رەڭگىگە قاراپ ئايرىش ئەمەلىيەتتە ئىلمىي ئايرىش ئەمەس، چۈنكى ئوخشاش بىر ئىرق ئىچىدە تەن رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسى ناھايىتى زور بولىدۇ، مەسىلەن، ئاق تەنلىكلەردىن جەنۇبىي ئاسىيا رايونلىرىدا ياشايدىغان ھىندىستانلىقلارنىڭ، پاكىستانلىقلارنىڭ تەن رەڭگى سۇس قوڭۇر كېلىدۇ، شىمالىي ئافرىقىدا ياشايدىغان ۋەكىللىرىنىڭ تەن رەڭگى بولسا تېخىمۇ قارا بولىدۇ. شۇڭا ئىلىم-پەندە ئىرقنى دائىم رايونلار بويىچە نام بېرىلىدۇ ياكى مەلۇم بىر ئىرق ۋەكىلى ئۆلچەم قىلىنىدۇ، ئۇلارغا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلار بىر خىلغا ئايرىلىدۇ. مەسىلەن، سېرىق تەنلىكلەر "موڭغۇل ئىرقى" ياكى تېخىمۇ ئېنىقراق قىلىپ "موڭغۇلسىمانلار ئىرقى" دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ "تىپىك موڭغۇل ئادىمىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئىرقلار" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

سېرىق تەنلىكلەر، ئاساسەن ئاسىيا بىلەن ئامېرىكا قىتئەسىگە جايلاشقان، ئامېرىكا قىتئەسىدە ئاساسەن يەرلىك ئىرقلار دېگەندە ئىندىئانلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شۇنىڭغا يارىشا قارا ۋە قوڭۇر رەڭلىك ئىرقلار ئىلىم-پەندە "نېگروئىد-ئاۋسترالىيە ئىرقى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئاساسەن ئافرىقا بىلەن ئوك-



17 ـ 4 ـ رەسىم. سېرىق تەنلىك ئادەم.



18 ـ 4 ـ رەسىم. قارا تەنلىك ئادەم.



19 ـ 4 ـ رەسىم. قوڭۇر تەنلىك ئادەم.



20 ـ 4 ـ رەسىم. ئاق تەنلىك ئادەم.

يانىيىغە جايلاشقان. ئاق تەنلىكلەر يەنە ”ئولىبا ئىرقى“ دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئۇلار ئاساسەن ياۋروپا، شىمالىي ئافرىقا ۋە جەنۇبىي ئاسىيانىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا جايلاشقان.

شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، تەن ساپاسى جەھەتتە بۇ ئىرقلارنىڭ تېنىدە نۇرغۇنلىغان ئىرسىيەتلىك ئالاھىدىلىكلەر بار، مەسىلەن، تېنىنىڭ رەڭگى، چاچ شەكلى ھازىرقى زامان ئىنسانلىرى ئىرقىنى ئايرىشتا ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى، تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ ئېشىشى بىلەن بىللە، بۇ ئالاھىدىلىكلەر مۇھىتقا ماسلىشىش ئەھمىيىتىنى يوقاتقان. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق ئىرقلار مەيلى يوشۇرۇن ئەقلىي ئىقتىدار جەھەتتە بولسۇن ياكى ئەمگەك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەن تۈزۈلۈشى جەھەتتە بولسۇن پۈتۈنلەي بىردەك بولۇپ، ئۇلاردا ماھىيەتلىك پەرق يوق. دۇنيادىكى بارلىق ئىرقلار پۈتۈنلەي ئەركىن نىكاھلىنالايدۇ، ئۇلاردىن تۇغۇلغان پەرزەنتلەرنىڭ ھەممىسى پەرزەنت كۆرۈش جەھەتتە نورمال ئىقتىدارغا ئىگە، شۇڭا بارلىق ئىرقلار بىئولوگىيىدە بىر تۈر — ”ئاقىل ئادەم تۈرى“گە مەنسۇپ بولىدۇ.

ئىرق بىئولوگىيىدىكى ئوخشاش بولمىغان تۈر ئەمەس، ئىنسانلار ئىرقىدا ”ئەلا، پەس“ دېگەن پەرق بولمايدۇ، ئىرقچىلار ئىرق ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئىرقىي تەڭسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، ئاتالمىش ”ئىرقنىڭ ئەلالىقى ۋە پەس-

لىكى“ نەزەرىيىسىنى تەرغىپ قىلىدۇ، ئىرق كەمسىتىلىدىغان بۇنداق سىياسەتنى يۇرگۈزۈش ھەرگىز پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ.
مەن ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئەمدى مۇشۇ يەرگىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي. ھازىرقى زامان ئادەم-لىرىنىڭ پەيدا بولۇش يولى ئەمەلىيەتتە ئىپتىدائىي ئادەملەرنىڭ ھازىرقى زاماندىكى ئادەملەرگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشتا بېسىپ ئۆتكەن يولىدۇر، بۇ ئىنسانلار تەن ساپاسىنىڭ تەرەققىيات تارىخىي بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدۇر، ئۇلار ئوخشاش بىر شەيئىنىڭ ئىككى تەرىپىدىن ئىبارەت. ئىنسانلارنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدۇر، ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئالغا قاراپ راۋاجلىنىش جەريانىدا، يەنى ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىدا نۆۋەت بىلەن تەك ئىلگىرىلەپ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ كەلدى. ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى چۈشىنىشتە، بىز بۇ نۇقتىغا سەل قارىساق بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

# 5. جۇڭگو ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشى

دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەت. لېكىن "مىللەت" بىلەن "ئىرق" بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل چۈشەنچە، ئالدىنقىسى تارىختا شەكىللەنگەن كىشىلەرنىڭ ئورتاق گەۋدىسى بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئۆزىگە خاس گۇرۇھىدۇر؛ ئىرق بولسا بىئولوگىيىدە قانداشلىق مۇناسىۋىتىدىكى توپ-توپ بولۇپ ياشىغۇچىلاردۇر، بۇ ئىككىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشقا بولمايدۇ. بىر ئىرق نۇرغۇن مىللەتنى ھاسىل قىلىشى مۇمكىن بولغىنىدەك، بىر مىللەتمۇ ھەر خىل ئىرق ۋەكىللىرىدىن ھاسىل بولۇشى مۇمكىن.

ھازىرقى زامان جۇڭگو ئادەملىرى، ئايرىم مىللەتلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بىئولوگىيىدە ھەممىسى سېرىق تەنلىكلەرگە (موڭغۇل ئىرقىغا) مەنسۇپ دېيىلىدۇ، مۇبادا ئىنچىكىلەپ ئايرىشقا توغرا كەلسە، ئۇلارنى جەنۇب، شىمال ئادەملىرى دەپ ئىككى خىلغا، ياكى ئۈچ خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ، كېيىنكىسىنى مەملىكەتىمىزنىڭ ئاتاقلىق ئىنسانشۇناسى پروفېسسور ليۇ ۋېي 1937-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇ ئىلىم-پەن ساھەسىدە قوبۇل قىلىندى.

1. جۇڭگونىڭ شىماللىقلىرى، قىسقىچە "شىمالىي جۇڭگولۇق-

لار" دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇلارنىڭ جايلاشقان دائىرىسى خۇاڭخې ۋادىسىنى مەركەز قىلغان بولۇپ، ئىچكى موڭغۇل، شەرقىي شىمالدىكى ھەرقايسى ئۆلكىلەر، شەنشى-گەنسۇ ئېگىزلىكى، نىڭشىيا رايونى ۋە شىنجاڭغا كۆچۈپ بارغان مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ دائىرىگە كىرىدۇ.

شىمالىي جۇڭگولۇقلار، ئومۇمەن ئالغاندا، قەددى-قامەت-لىك، تەمبەل، يوغان مۇسكۇللۇق، سوقا باشلىق، قاڭشالىق، سوزۇق يۈزلۈك كېلىدۇ. چاچلىرى قارا ھەم تىرىك، توغرا كەسمە يۈزى يۇملاقراق كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەدىنىدە تۈك ئاز، ساقال-بۇرۇت شالاڭ بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ كۆزى سەل چوڭ-راق بولۇپ، تەكشى ئېچىلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆزى سەل قىيپاشراق كېلىدۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆزى ئۆرۈكسىمان بولىدۇ، بەزىلىرى موڭغۇل قاپاق كېلىدۇ، بەزىلىرى ئۈنداق بولمايدۇ، تەن رەڭگى سېرىق ياكى سارغۇچ قوڭۇر بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆزى سۇس سېرىق ياكى قېنىق سېرىق بولىدۇ.

2. جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئادەملىرى، قىسقىچە "ئوتتۇرا جۇڭگولۇقلار" دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇلارنىڭ جايلاشقان رايونى چاڭجياڭ ۋادىسىنى مەركەز قىلغان بولىدۇ، "ئوتتۇرا جۇڭگولۇقلار" قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بۇ رايونلاردا ئولتۇراقلىشىپ كەلگەن مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدە غەربىي جەنۇب-

تىكى نۇرغۇن ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ بار.

ئوتتۇرا جۇڭگولۇقلار ئومۇمەن ئالغاندا ئوتتۇرا بويلۇق، ساغلام بەدەنلىك كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ بېشى بىلەن بۇرنى ئوتتۇرا هال چوڭلۇقتا، يۈزى يۇمىلاق بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مەڭىز سۆڭىكى گەۋدىلىك بولمايدۇ، يۈز بۇلۇڭى قىيپاشراق بولۇپ، كۆزىنىڭ ئېچىلىشى ئوتتۇرا هال بولىدۇ، سەل قىيپاش-راق بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ كۆزى ئۆرۈك مېغىزىغا ئوخشايدۇ. بەزىلىرىنىڭ كۆز قاپىقى موڭغۇللارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. بەزىلىرى ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ تەن رەڭگى سارغۇچ ياكى تۇم سېرىق، كۆزى قارا قوڭۇر ياكى سۇس قوڭۇر بولىدۇ، چېچى قارا، تىرىك ھەم ئىنچىكە، ھەم يۇمشاق كېلىدۇ. توغرا كەسمە يۈزى ئېلليپسىمان بولىدۇ، بەدىنىدە تۈك ئاز ساقال-بۇرۇتى شالاڭ بولىدۇ.

3. جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكىلەر قىسقىچە "جەنۇبىي جۇڭگولۇق-لار" دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇلار جۇجياڭ دەريا ساھىلىگە، فۇجيەن، تەيۋەن ۋە خەينەنداۋ ئارىلى قاتارلىق رايونلارغا جايلاشقان.

جەنۇبىي جۇڭگولۇقلارنىڭ ئادەتتە بويى پاكارراق كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار ۋىجىك بولمايدۇ، ساغلام، دىغماق بويۇن، يۇملاق يۈزلۈك كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنىدە تۈك ئاز، ساقال-بۇرۇت شالاڭ بولىدۇ، بۇرنى كەڭ، پاناق كېلىدۇ، تەن رەڭگى قېنىق سېرىق ياكى قوڭۇر سېرىق، كۆزى چوڭ-چوڭ، كالپۇكى قېلىن

بولىدۇ، ئاز بىر قىسمىنىڭ قاپىقى موڭغۇللارنىڭكىدەك بولۇپ، كۆزى تۇم سېرىق ياكى قوڭۇر سېرىق كېلىدۇ.

خوپ، ئۇلار قانداق ۋۇجۇدقا كەلگەن؟ بۇنى مۇھاكىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئىلىم-پەندە ئومۇمەن، ئىرق بىرقەدەر كېيىن پەيدا بولغان، ئۇ تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىغا مەنسۇپ، بىراق ئۇ بۇنىڭدىن 30-40 مىڭ يىلدىن 70-80 مىڭ يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتا پەيدا بولغان دەپ ھېسابلىنىدۇ. بىراق ئىرقنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋاقتى قەدىمكى زاماندىنمۇ بۇرۇنقى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ، ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدا ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ۋۇجۇدقا كېلىپ بولغان بولسا كېرەك دېگۈچىلەرمۇ بار، مەن بۇ پىكىرگە ناھايىتى قوشۇلىمەن. مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى ئادەملىرىنىڭ تاشقاتمىسى ۋە كېيىنكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەر ئىسكىلىتىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە كۆزەتكەندە، ھازىرقى موڭغۇل ئىرقىدىكى، جۈملىدىن مەملىكىتىمىزنىڭ ئادەملىرىدىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلەرنىڭ تولىسى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدىكى ۋەكىللەر ۋۇجۇدىدىن تېپىلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان بەزى ئاساسىي خۇسۇسىيەتلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ۋۇجۇدىدا بۇنىڭدىن بىر مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىللار ئىلگىرىلا بارلىققا كېلىشكە باشلىغان، ئىرقنىڭ تېخىمۇ كۆپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تېخىمۇ ئۇششاق ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىدا گەۋدىلەنگەن ۋاقىتتا كەلسەك، ئۇ تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم باسقۇچىدىن كېيىن تۇردۇ، ئۇ ئالاھىدىلىكلەر بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ۋەكىللەر تېنىدە مۇئەييەنلەشكەن.

جۇڭگولۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشىنى سۈرۈشتۈرۈش ئۈچۈن، بىز مەملىكىتىمىزدىن تېپىلغان ئالاقىدار تاشقاتما ماتېرىياللارغا ئاساسەن بىر ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئېلىپ بارايلى —

**راما ئادەمسىمان مايمۇنى:**



1 ـ 5 ـ رەسىم. يۈننەندىكى لۇفېڭ راما ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ باش سۆڭىكى (بۇنىڭدىن سەككىز مىليون يىل ئىلگىرىكى).

1976 ـ يىلىدىن باشلاپ، يۈننەننىڭ لۇفېڭدىكى شىخۇيبا كۆمۈر كېنىدىن قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ بىر تۈركۈم تاشقاتمىسى ئارقا ـ ئارقىدىن تېپىلدى، ئۇنىڭدىن بىر خىلى بەزى ئالىملار تەرىپىدىن "راما ئادەمسىمان مايمۇنى" دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى، دەسلەپتە ئۇلار ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى بولسا كېرەك دەپمۇ قارالغانىدى، بىراق يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆپلىگەن ئالىملار چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق ئەمەلىي ئەھۋالنىڭ ئۇنداق ئەمەسلىكىنى، راما

ئادەمسىمان مايمۇننىڭ پەقەت ئۆزى بىلەن بىللە تېپىلغان سۆۋا ئادەمسىمان مايمۇننىڭ چىشى يەككە تېنىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى، ئۇلار ھازىرقى ئادەمسىمان قوڭۇر مايمۇن-نىڭ ئەجدادى ۋە كېيىن نەسلى يوقالغان بىر قىسىم قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئەجدادى بولۇشى ئېھتىمالغا يېقىن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. بۇرۇن ئۇلارنى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى دەپ تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن بەزى ئالىملارمۇ ئەمدى بۇرۇنقى كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتتى، ئۇلاردا راما ئادەمسىمان مايمۇننى ئىنسانلارنىڭ ئەجدادى ھېسابلاشقا بولامدۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ناھايىتى چوڭ گۇمان پەيدا بولدى، دەرۋەقە، راما ئادەمسىمان مايمۇنى ئادەملەرنىڭ ۋە ھازىرقى زامان چوڭ ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ ئورتاق ئەجدادى بولۇشى مۇمكىن دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇۋاتقان بەزى ئالىملارمۇ بار.

بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

**جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى:**

1970 ـ يىلى خۇبېينىڭ گاۋپىڭ دېگەن يېرىدە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقىچى بولۇپ، ”لۇڭگۇدۇڭ“نى قازغان ۋاقىتتا، جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇننىڭ چىش تاشقاتمىسى دەپ قارالغان ئۈچ دانە تاشقاتما تېپىلدى، يەنە بىر دانە بادۇڭدىن قېزىپ ئېلىنغان چىشمۇ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇننىڭ چىشى دەپ قارالدى، دەسلەپتە تەتقىقاتچىلار بۇ چىشلارنى زىلىۋا جەنۇب

ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ دەپ قارىغان. ھەتتا بەزى ئالىملار بۇ چىشلارنىڭ تۈزۈلۈشى "قابىل ئادەم" نىڭ چىشىغا ئوخشاپ كېتىدۇ دەپ قارىغانىدى. يەنە بەزىلەر بۇ نەچچە دانە چىش تاشقاتمىسىنى دەسلەپكى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ چىش قاتمىسى بولۇشى مۇمكىن دەپ ھېسابلىدى.

جۇڭگودا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى زادى مەۋجۇت بولغانمۇ-يوق دېگەن مەسىلە ئىچكى ۋە تاشقى ئىلىم-پەن ساھەسىدىكىلەر ئارىسىدا قاتتىق تالاش-تارتىشتا تۇرۇۋاتقان مەسىلە، بەزىلەر لۇفېڭدىن تېپىلغان راما ئادەمسىمان مايمۇننىڭ تاشقاتمىسىدىكى جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئالاھىدىلىكلەرگە، كېيىنكى مەزگىللەردە بولسا مەملىكىتىمىزدە يەنە ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ دەسلەپكى ۋەكىللىرىنىڭ مەۋجۇت بولغانلىقىغا ئاساسەن، مەملىكىتىمىزدە جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى مەۋجۇت بولغان دېگەن ئەقلىي خۇلاسىنى چىقاردى. ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەكۈنلۈك بىلەن خۇلاسە چىقىرىشقا بولمايدۇ، شۇڭا تېخىمۇ كۆپ ماتېرىياللارنى تاپقاندىلا ئاندىن بۇ مەسىلىنى شەرھلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

## ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم:

1929-يىلى بېيجىڭ ئادىمىنىڭ بىرىنچى باش قاپقا سۆڭىكى تېپىلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزدە 11 ئورۇندا ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم تاشقاتمىسى تېپىلدى، بۇ ئورۇنلار مۇنۇلار:



2 ـ 5 ـ رەسىم. بېيجىڭ ئادىمىنىڭ باش قاپقا سۆڭىكى (بۇنىڭدىن 500 مىڭــ200 مىڭ يىللار ئىلگىرى)

| | |
|---|---|
| 1929 ـ يىلى بېيجىڭدىكى جوكودىيەن بىرىنچى قېتىم تېپىلغان ئورۇن | باش قاپقا سۆڭىكى، ئاستىنقى جاغ، چىش ۋە پۇت سۆڭىكى |
| 1964 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ لەنتيەن ناھىيىسىدىكى گوڭۋاڭلىڭ ۋە چېنجيا ۋوزى دېگەن يەر | پۇچۇلغان باش قاپقا سۆڭىكى، ئاستىنقى جاغ |
| 1965 ـ يىلى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ يۈەنمۇ ناھىيىسىدىكى داناۋۇ كەنتى | چىش |
| 1975 ـ يىلى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يۈنشيەن ناھىيىسىدىكى مېيپۇ دېگەن يەر | چىش |
| 1977 ـ يىلى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ يۈنشى ناھىيىسىدىكى ئەنجيا دېگەن يەر | چىش |
| 1978 ـ يىلى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ نەنباۋ | |

www.uyghurkitap.com

| | | |
|---|---|---|
| | ناھىيىسىدىكى جىڭخۇاشەن تېغى | چىش |
| 1978 ـ يىلى | لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ بېنشى ناھىـ يىسىدىكى مىياۋ خۇشەن تېغى | چىش |
| 1980 ـ يىلى | ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېشەن ناھىـ يىسىدىكى تاۋدىيەنجېن بازىرى | بېجىرىم باش قاپقا سۆڭىكى، چىش |
| 1982 ـ يىلى | شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ يىيۈەن ناھىيىسىدىكى يىزئەنشەن تېغى | چىش، باش سۆڭىكىنىڭ پارچىلىرى |
| 1982 ـ يىلى | ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ ساۋشيەن ناھىيىسىدىكى يىڭشەنسۇن كەنتى | باش سۆڭىكىنىڭ پارچىلىرى |
| 1984 ـ يىلى | لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىڭكۇ ناھىيىسىدىكى جىنىيۇشەن تېغى | باش سۆڭىكى، پۇت سۆڭىكى، چىش. |

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بەزى كىشىلەر يەنە تۆۋەندىكى ماتېرىياللارنى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ دەپ قارىماقتا:

1958 ـ يىلى گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ چۈيجاڭ ناھىيىسىدىكى ماباشياڭ يېزىسىنىڭ شىزىشەن تېغى ئۆڭكۈرىدىن بىر سۇنۇق باش قاپقا سۆڭىكى تېپىلدى.

1978 ـ يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيىسىدىكى لوخې دەرياسىنىڭ ئۆچىنچى پازىدىكى يەر ئاستى قىسمىنىڭ شېغىل قەۋىتىدىن بىر پېجىرىم باش سۆڭىكى تېپىلدى.

باش سۆڭىكىنىڭ بۇ ئىككى تاشقاتمىسىدا ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرنىڭ باش سۆڭىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان خېلى كۆپ ئالاھىدىلىكلەر بولۇپ، بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر بىلەن دەسلەپكى ئاقىل ئادەملەر ئارىلىقىدىكى ئالاھىدىلىككە ياتىدۇ دەپ قارالدى، شۇڭا ئۇلارنى دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاقىل ئادەملەر تىپىغا كىرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ چىقتى. بىراق يېقىندا بەزى ئالىملار ئۇلاردىكى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەپ، ئۇلار ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر تىپىغا كىرگۈزۈلسە تېخىمۇ مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قارىماقتا.



3 ـ 5 ـ رەسىم. لەنتيەن ئادەمىنىڭ باش قاپقا سۆڭىكى ۋە ئاستىنقى جاغ سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى.

بۇنىڭدىن باشقا، يەنە بەزىلەر، 1972 ـ يىلى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ تۇڭزى ناھىيىسىدىن تېپىلغان ئادەم چىشىنىڭ تاشقات-

مىسىنمۇ ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ دېيىپ ھېسابلاشتى.

مەملىكىتىمىزدىكى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر تاشقاتمىسىنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى خېلى كەڭ، يەنە كېلىپ ۋاقتىنىڭ ھالقىش ئارىلىقىمۇ زور بولۇپ، بۇنىڭدىن بىر مىليون 700 مىڭ يىلدىن ئىلگىرىكى يۈەنمۇ ئادىمىدىن تا 200 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى بېيجىڭ ئادىمىنىڭ ئاخىرقى مەزگىل ۋەكىللىرىگىچە، بىر مىليون نەچچە يۈز مىڭ يىللار داۋاملاشقان.

مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملىرىنىمۇ تىپقا ئايرىشقا بولىدۇ، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ دەسلەپكى تىپتىكىلىرى يۈەنمۇ ئادىمى ۋە گوڭۋاڭلىڭدىكى لەنتيەن ئادىمى بولۇپ، كېيىنكى تىپتىكىلىرى قالغان باشقا تاشقاتمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

كىشىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغايدىغىنى شۇكى، ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدىلا، ھازىرقى زاماندىكى سېرىق تەنلىكلەرنىڭ كۆپلىگەن ئاساسىي تەقى-تۇرقىغا ئاساس سېلىنىپ بولغان، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ ئۇدۇل چىشى كۈرەك-سىمان بولۇپ، ئاساسەن ئۇستۈنكى ئىچ يان ئېغىز چىشلىرىنىڭ تىلغا قارىغان يۈزى كۈرەكسىمان ئويمان بولىدۇ، بۇ ئالاھىدە-لىك يۈەنمۇ ئادىمى، بېيجىڭ ئادىمى ۋە يۈنشيەن ئادىمىنىڭ ھەممىسىدىلا بار بولۇپ، تا ھازىرقى زاماندىكى سېرىق تەنلىك-لەرگىچە داۋاملاشقان ھەمدە كەڭ كۆلەمدە مەۋجۇت بولۇپ



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

كەلگەن، بولۇپمۇ جۇڭگولۇقلارنىڭ 96 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىدە بۇ ئالاھىدىلىك مەۋجۇت. قارا تەنلىكلەر بىلەن ئاق تەنلىكلەردە بولسا بۇ ئالاھىدىلىك ئەڭ كۆپ بولغاندىمۇ بەش پىرسەنتتىن ئارتۇقراقلا بولىدۇ.

تۆپە قىرى (ئوقسىمان قىر) بۇ باش سۆڭىكىنىڭ چوققىسىدىكى دەل ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان، ئالدى ـ ئارقىغا سوزۇلغان بىر دوققا قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ، بۇ قۇرۇلما بېيجىڭ ئادىمىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلىدۇ، ئۇ دالى ئادىمى، مابا ئادىمىدىن تا ھازىرقى سېرىق تەنلىكلەرگىچە داۋاملاشقان.

مەڭىز سۆڭىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، جۇڭگولۇقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سېرىق تەنلىكلەرنىڭ يۈزى ياپىلاق كېلىدۇ، بۇ ئاساسەن مەڭىز سۆڭىكىنىڭ ئېگىز ھەم ئالدىغا بۇرتۇپ چىققانلىقى، مەڭىز سۆڭىكى ئالدىدىن ئارقىغا قاراپ بۇرۇلغاندا تىك بولۇش ھاسىل قىلغانلىقىدىن بولىدۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ مەڭىز سۆڭىكى ئاق تەنلىكلەرنىڭكىدەك ئالدىدىن ئارقا يانغا قىيسايغان ھالەتتە بولمايدۇ. ھازىرقى زاماندىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنى تا بېيجىڭ ئادىمى جىسمىدىنمۇ تېپىشقا بولىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە بۇرۇن ئالاھىدىلىكىمۇ بار، ئۇلارنىڭ ئارقا گەجگىسىدە چوققا سۆڭەك ۋە گەجگە سۆڭىكىدىن باشقا، يەنە سۆڭەك ئارىچىدا قوشۇمچە سۆڭەك پارچىسى بولىدۇ، چىشنىڭ ئۇششاق ھالقىلىرى جەھەتتە، مەملىكىتىمىزدىكى

ئۆرە ماگىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىدە ھازىرقى زاماندىكى سېرىق تەنلىكلەر بىلەن ئوخشاپ كېتىدىغان بىر قىسىم تەرەپ-لەر بار، بۇ يەردە بىر-بىرلەپ مىسال كەلتۇرۇپ ئولتۇرمايمىز.



4-5-رەسىم. يۈەنمۇ ئادىمىنىڭ چىشى.

**تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەم:**

بۇ باسقۇچنىڭ ۋەكىلى مەملىكىتىمىزدە تېخىمۇ كەڭ تار-قالغان، بۇنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئاساسلىق ۋەكىللىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت: 1965-يىلى خۇبېي ئۆلكىسى چاڭياڭ ناھىيىسىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى جۇڭجياۋەن ئەتراپىغا جايلاشقان ئۆڭكۈردىن تېپىلغان چاڭياڭ ئادىمىنىڭ يۇقىرى جاغىنىڭ سۇنۇقلىرى. 1954-يىلى ۋە 1976-يىلى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شياڭپىن ناھىيىسىدىكى دىڭسۈن كەنتىدىن تېپىلغان دىڭسۈن ئادىمىنىڭ ئۈچ دانە چىشى ۋە چوققا سۆڭىكىنىڭ بىر كىچىك پارچىسى. 1976-يىلى ۋە 1977-يىلى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ ياڭگاۋ ناھىيىسىدىكى كونا شەھەر شۈيجياياۋ كەنتىنىڭ ئەتراپىدىن تېپىلغان شۈيجياياۋ ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكىنىڭ سۇنۇقلىرى.

كېيىنكى مەزگىلدىكى ۋەكىللىرى بولسا 1922-يىلى ئىچكى موڭغۇلدىكى ۋۇشېن خوشۇنىنىڭ جەنۇبىدىكى سالائۇس دەر-



www.uyghurkitap.com

ياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىن تېپىلغان "دەريا قولتۇقى ئادد-
مى" چىشىنىڭ تاشقاتمىسى؛ 1937 - يىلى جۇكۇدىيەندىكى
لوڭگۇشەن تېغىنىڭ چوققا ئۆڭكۈرىدىن تېپىلغان ئۈچ دانە باش
سۆڭىكى ۋە باشقا سۆڭەك سۇنۇقلىرى؛ 1951 - يىلى سىچۇەن
ئۆلكىسىنىڭ زىياڭ ناھىيىسىدىكى خۇاڭشەنشى دېگەن يەردىن
تېپىلغان زىياڭ ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى؛ 1956 - يىلى ۋە 1964 -
يىلى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ ۋىلايىتىدىكى مۇجياچياۋ دېگەن
يەردىن تېپىلغان لىجياڭ ئادىمىنىڭ قوۋۇرغا سۆڭىكى ۋە باش
سۆڭىكى؛ 1958 - يىلى گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ لىيۇجياڭ ناھىيىسى-
دىكى شىنشىڭ يېزا ئىگىلىك مەيدانىنىڭ تۇڭتيەنيەن غارىدىن
تېپىلغان بىر دانە پۈتۈن باش سۆڭىكى ۋە قىسمەن پۇت
سۆڭەكلىرىدىن ئىبارەت.

ئاقىل ئادەملەرنىڭ بۇ كۆپلىگەن تاشقاتمىسى ئىچىدە ئىرق
توغرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىشقا يارايدىغان ماتېرىيال كۆپ ئەمەس،
بىراق چەكلىك ماتېرىياللار ئىچىدە تاغ چوققىسى ئۆڭكۈرى
ئادىمى بىلەن لىيۇجياڭ ئادىمى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغان
ماتېرىياللار ھېسابلىنىدۇ.

تاغ چوققىسى ئۆڭكۈرى ئادىمى ئۈستىدە ئەڭ دەسلەپ
ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى نېمىس ئالىمى ۋېيدېنرېي دەسلەپكى
قەدەمدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 101 - نومۇرلۇق بوۋايدا
موڭغۇل ئىرقىنىڭ (مورفولوگىيىلىك كۆزىتىش بويىچە ھۆكۈم
قىلغاندا) ۋە كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە

ياشىغان ياۋروپالىقلارنىڭ (ئۆلچەش جەريانىدىكى سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلغاندا) ئالاھىدىلىكى بار، 102-نومۇرلۇق ياش ئايال مېلانىزىيە ئادەملىرى تىپىغا كىرىدۇ، 103-نومۇرلۇق ئوتتۇرا ياشلىق ئايال بولسا ئېسكىمولار تىپىغا كىرىدۇ دەپ قارىغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار چەتتىن كەلگەن ئىرقلار بولغاچقا، ھازىرقى جۇڭگو ئادىمىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ئۆزىمىزنىڭ ئالىملىرى قايتا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، ھەقىقىي ئەھۋال بۇنداق ئەمەس، ئەمەلىيەتتە تاغ چوققىسى ئۈڭكۈر ئادىمى بولسا ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان موڭغۇل ئىرقىنىڭ ئىپتىدائىي ۋەكىلى، ئۇ شىمالىي جۇڭگولۇقلار، ئېسكىمولار ۋە ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئىندىئانلارغا يېقىن كېلىدۇ، دەپ ھېسابلىدى.



5-5-رەسىم. تاغ چوققىسى ئۈڭكۈرى ئادىمى بولغان بوۋاينىڭ 61-نومۇرلۇق باش سۆڭىكى (بۇنىڭدىن تەخمىنەن 18 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۈڭكۈر ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى).

ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ تاشقاتمىسى باش سۆڭىكى بىلەن

تەنىنىڭ قىسمەن سۆڭەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلگىرى باش سۆڭىكى ئوتتۇرا ياشلىق ئەر كىشىنىڭ، قوۋۇرغا سۆڭىكى بولسا باشقا بىر ئايال كىشىنىڭ دەپ قارىلىپ كەلگەنىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەن ليۇجياڭ ئادىمى ئۆڭكۈرىگە ئۈچ قېتىم بېرىپ تەكشۈردۈم ۋە بۇ سۆڭەكلەرنى ليۇجۇ رايونىدىكى بۇنىڭدىن 10 مىڭ يىللار دېگۈدەك ئىلگىرى ياشىغان دالۇڭتەن ئادىمى سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ بارلىق تاشقاتما ماتېرىيال-لىرىنىڭ بىر ئوتتۇرا ياشلىق ئايال تېنىگە دائىر ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى بايقىدىم!

ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكىدە سېرىق تەنلىكلەرنىڭ كۆپلىگەن ئالامەتلىرى كۆرۈنەرلىك ھالدا مەۋجۇت، مەسىلەن، يۈزى، قاڭشىرى ۋە تۇمشۇقىنىڭ ئالدىغا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرۇشى سېرىق تەنلىكلەرنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇدۇل چىشى كۈرەكسىمان بولىدۇ، شۇڭا ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ ئىپتى-دائىي موڭغۇل ئىرقىنىڭ دەسلەپكى تۈرى ئىكەنلىكىدە شەك-شۈبھە يوق. بۇنىڭدىن باشقا، شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكىدە غەيرىي موڭغۇل ئىرقىدىكىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىمۇ بار، مەسىلەن، ئۇنىڭ بۇرۇن تۈۋى پەس بولۇپ، قاش قىرى، بۇرنى ۋە تاڭلىيىنىڭ تۈزلۈكى ئاۋستىرالىيە ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە يېقىن كېلىدۇ. شۇڭا ئىلىم ئەھلىلىرىدىمۇ ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ خۇسۇ-

سىستىگە قاراپ ئوخشاش بولمىغان چۈشەنچىلەر كېلىپ چىققان، بىر خىل چۈشەنچىدىكىلەر، ئۇ ۋۇجۇدقا كېلىۋاتقان موڭغۇل ئىرقى، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بىر خىل چۈشەنچىدىكىلەر، ليۇجياڭ ئادىمى موڭغۇل ئىرقى بىلەن ئاۋستراليە ئىرقى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى تىپمۇ-ئەمەسمۇ؟ دەپ قارايدۇ. لېكىن ئومۇمىي يۈزلىنىشتىن قارىغاندا، ليۇجياڭ ئادىمى ئاساسىي جەھەتتىن موڭغۇل ئىرقىغا مەنسۇپ.



6-5-رەسىم. ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى.
سولدا، ئۇدۇلدىن كۆرۈنۈشى؛ ئوڭدا، ياندىن كۆرۈنۈشى.

تەن ھالىتىدىن قارىغاندا تاغ چوققىسى ئۆڭكۈرى ئادىمى بىلەن ليۇجياڭ ئادىمىنىڭ پەرقى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، ئالدىنقىسى موڭغۇل ئىرقىغا كىرىدىغان شىماللىقلار بىلەن ئامېرىكىدىكى ھىندىئانلار تىپىغا يېقىن كېلىدۇ؛ كېيىنكىسى بولسا جەنۇبىي ئاسىيالىقلارغا يېقىن كېلىدۇ، دېمەك، تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەملەرنىڭ

ئاخىرقى باسقۇچىدىكى ئىنسانلار تاشقاتمىسىدا جەنۇب بىلەن شىمال تىپىغا ئايرىلىش يۈزلىنىشى ئەكس ئېتىدۇ.

يېڭى تاش قورال دەۋرى: يېڭى تاش قورال دەۋرى كونا تاش قورال دەۋرىگە نىسبەتلەشتۇرۇپ ئېيتىلغان سۆزدۇر، بۇنداق يېڭى تاش قورالنى ياساش ھۈنىرى تاشنى تاشقا ئۇرۇش ئۇسۇلى (بۇ ئۇسۇل "كونا تاش قورال" ياساش ئۇسۇلى دېيىلىدۇ) بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا تاشلارنى بىر-بىرىگە سۈركەش ئۇسۇلىمۇ قوللىنىلغان، ئېھتىدائىي ساپالچىلىق ھۈنىرىمۇ بارلىققا كەلگەن.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئادەم ئىسكىلىتلىرى، بۇرۇن-قىلارغا سېلىشتۇرۇپ قارىغاندا، خېلى كۆپ بولۇپ، ئاشۇ ئىس-كىلىت ماتېرىياللىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلاردىن بىزگە شۇنىسى مەلۇم بولدىكى، شىمالىي جۇڭگوغا جايلاشقان خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىمى رايونىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدىكى ۋەكىللىرى موڭغۇل ئىرقىغا كىرىدىغان شەرقىي ئاسىيالىقلارغا ناھايىتى روشەن ھالدا يېقىن كېلىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بەزى ۋەكىللىرىدە جەنۇبىي ئاسىيالىقلارغا يېقىن كېلىدىغان خېلى كۆپ ئالاھىدىلىكلەرمۇ بار. چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسى بىلەن جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىنىڭ يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى ئاھالىسىدە، جەنۇبىي ئاسىيالىقلارغا يېقىن كېلىدىغان نۇرغۇن ئالاھىدىلىكلەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يۈزى كەڭ، بۇرنى كەڭ،

بۇرۇن تۆۋى پەس ۋە تۇمشۇقى چوقچىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان هالەتلەر جەھەتتە ئاۋستراليە ئىرقىغا يېقىن كېلىدىغان ئالاھىدىلىكلەرمۇ ئەكس ئېتىدۇ.

بۇ يەردە ئىلىم-پەندە ھەل بولمىغان قىيىن بىر مەسىلە — مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي رايونلىرىدىكى يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ياشىغان ئادەملەر ئىسكىلىتىدە غەيرىي موڭغۇل ئىرقىغا خاس بولغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بولغانلىقى. ئاۋستراليە ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ ئالاھىدىلىكلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىغا تاشقى ئامىلنىڭ سىڭىپ كىرگەنلىكىدىن دېرەك بېرەمدۇ ياكى بۇ ئوخشاش مۇھىت شارائىتى ئاستىدىلا ھەرقايسىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا ئورتاق ھالەتكە ئىگە بولغانلىقى بولۇپ، قانداشلىق مۇناسىۋەتكە كىرمەمدۇ؟ نۇرغۇن كىشىلەر كېيىنكى قاراشنى ياقلايدۇ، بىراق، ئالدىنقىسىنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ، دەپ قارىغۇچىلارمۇ بار.

مېنىڭچە، ھەر ئىككىلا ئېھتىمال بار، چۈنكى ئىنسانلارنىڭ كۆچۈشى ھامان بىر تەرەپتىكىلا نىشان بويىچە بولغان ئەمەس، يېقىنقى ئىككى يىلدا مەن شىنجاڭنىڭ غەربىگە بېرىپ، قەدىمكى ئادەملەر ۋە مىللىي ئارخېئولوگىيە ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە كۆزىتىش ئېلىپ باردىم، پامىر ئېگىزلىكىگە ئۈچ نۆۋەت چىقىپ، تاجىك مىللىتى ياشاۋاتقان رايونلارنى كېزىپ چىقتىم.

تاجىك مىللىتى مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ تەۋەسىگە ناھايىتى بۇرۇنلا كىرگەن ئولبا ئىرقىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشىدىكى ئالاھىدىلىكلەردە تىپىك ئولبا ئىرقىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكلىرى ئېنىق چىقىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، ئۇلارنىڭ كۆز چانىقىنىڭ ئۈستۈنكى گىرۋىكى ئالدىغا قىيسايغان بولۇپ، ئاستىنقى گىرۋىكىنىڭ دەرىجىسىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭ بۇرنى ئېگىز، بۇرنىنىڭ تۈۋى بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە پەس بولغاچقا، تارىخىي ھۆججەتلەردە ئۇلار بۇرنى ئېگىز، كۆزى ئويمان دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ ياڭاق سۆڭىكى پەس بولۇپ، ئارقىغا قىيسايغاچقا، يۈزى سوقچاق بولۇپ قالغان، بۇ موڭغۇل ئىرقىنىڭ كەڭ ھەم يۇمىلاق يۈزىگە سېلىشتۇرغاندا ئېنىق پەرقلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ تەن رەڭگىمۇ سۈزۈك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تىلى سارىكول تىلى بولۇپ، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى ئىران تىل ئائىلىسىنىڭ شەرقىي تارمىقىغا مەنسۇپ.

مەن ئۇلارنى قەدىمكى ئارىيانلارنىڭ جەنۇبقا كۆچكەندە غەربكە يۈرۈش قىلغان بىر جەمەتىنىڭ پۇشتى-ئەۋلادى بولسا كېرەك دەپ گۇمانلىنىمەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلغان بەزى ئالىملارنىڭ كۆرسىتىشىچە، ئولبا ئىرقىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋەكىلى ئارىيانلار بولۇپ، مىلادىيەدىن ئىلگىرى 20-ئەسىردە كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق ھاياتىنى كەچۈرگەن،

مىلادىدىن ئىلگىرى تەخمىنەن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا مەزگىل-لىرىدە بولسا جەنۇبقا قاراپ كۆچۈپ، بىر جەمەتى ھىندىستانغا بارغان، بىر جەمەتى ئىرانغا بارغان، بۇ ئالىملار، ئۇلارنىڭ يەنە بىر جەمەتىنىڭ تارىم ئويمانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا كۆچۈپ بارغان بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن دەپ قارايدۇ. ئېلىمىزدىكى تاجىكلار تاغلىق تاجىكلارغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇلاردا ئەجدادلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ ئالاھىدىلىكلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئۇلارنىڭ تارىم ئويمانلىقىغا ۋە شۇ ئەتراپ-تىكى رايونلارغا كۆچۈپ بارغان ئارىيانلار ئەۋلادى بولۇش ئېھتىمالى بارمۇ ـ يوق؟ بۇنداق ئېھتىمال مەۋجۇت، دەرۋەقە، يەنە تېخىمۇ چوڭقۇر تەكشۈرۈش ـ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، مەن ئاتۇش رايو-نىدىن قېزىپ ئېلىنغان يېڭى تاش قورال دەۋرىدىكى باش سۆڭەكنىڭ سۇنۇقلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە تەتقىق قىلىپ ھەمدە ئۈرۈمچى ئەتراپىدىكى ئۇلانباي رايونىدا قەدىمكى تاش قەبرىدىن تېپىلغان باش سۆڭەكنى تەكشۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ياۋروپا ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان بىر قىسىم كۆرۈنەر-لىك ھالەتلەرنى بايقىدىم. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بىز يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ھەتتا بەزى سىرتتىن كەلگەن ئاملارنىڭ ھازىرقى جۇڭگولۇقلارنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىغا قاتناشقان-لىق ئېھتىمالىنى تېخى پۈتۈنلەي چەتكە قاقالمايدىغاندەك

تۇرنىمىز.

يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئاھالىسىنىڭ تېنىدىكى ئاساسىي ئالاھىدىلىكلەر شىمالدىن جەنۇبقا يۆنەلگەنگە ئوخشاش تۆۋەندىكىدەك تەرەققىيات يۈزلىنىشى بارلىققا كەلگەن: يەنى باش سۆڭىكى ئېگىز ھەم قىسقىلىقتىن پەس ھەم ئۇزۇنلۇققا، ئۈستۈنكى يۈز قىسمى تار، ئۇزۇنچاقلىقتىن پەس ھەم قىسقىلىققا، كۆز چانىقى بىرئاز ئېگىزلىكتىن سەل پەسلىككە، يۈز قىسمى ئېڭەككە نىسبەتەن بىرئاز تىك ھالەتكە، بۇرۇن شەكلى ئوتتۇراھال كەڭ ھالەتتىن تولۇق كەڭ ھالەتكە قاراپ تەرەققىي قىلغان. ھەرقايسى رايون گۇرۇپپىلىرىدىكى ئادەم سۆڭەكلىرىدە رايون خاراكتېرىگە ياتىدىغان خېلى كۆرۈنەرلىك پەرقلەر بار. ھازىرقى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمكى قۇرۇقلۇقىدىكى ئاھالىدە، ئەڭ كېيىنكىلىرىنى ھېسابقا ئالغاندىمۇ، تاشقا ئايلانغان ئاقىل ئادەملەرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ۋەكىللىرىدە جەنۇب-شىمال تۇرىگە ئايرىلىش يۈزلىنىشى بارلىققا كەلگەن، يېڭى تاش قورال دەۋرىگە كەلگەندە ئاھالىدىكى بۇ يۈزلىنىش تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولغان.

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى تارىخىدىكى رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدا "خۇاشيالار توپى" (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىكىلەر) بىلەن "شەرقىي تائىپىلەر توپى" (شەرقتىكى دېڭىز قىرغىقى رايونىدىكىلەر) ياشىغان؛

ئەمما چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئۆستۈنكى ئېقىمىدا ”دىلار ـ چياڭلار قەۋمى“، ئوتتۇرا ئېقىمىدا ”مياۋمەنلەر توپى“ ياشىغان؛ جەنۇبىي جۇڭگو رايونلىرىدا قەدىمكى ”يۆزۆلار“ ياشىغان؛ تارىختىن ئىلگىرىكى ئادەم سۆڭەكلىرىگە دائىر ماتېرىياللارغا ئاساسەن شۇنداق ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، دەل يېڭى تاش قورال دەۋرىدە ئاھالىلەر جەنۇب تېپىدىكى ۋە شىمال تېپىدىكى دەپ ئايرىلغان ئاساستا (بەلكىم جەنۇبنىڭ تەسىرىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن)، قەدىمكى بۇ بىرقانچە چوڭ توپ پەيدا بولغان، كېيىن ئۇلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا ھازىرقى شىمالىي جۇڭگولۇقلار ۋە جەنۇبىي جۇڭگولۇقلار كېلىپ چىققان، ئوتتۇرا جۇڭگولۇقلار بولسا بۇ ئىككىسىنىڭ ئۆتكۈنچىسى بولغان.

مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىگە جايلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىغا كەلسەك، بۇ يەرلەردە غەربنىڭ تەسىرى بولۇشى مۇمكىن، بۇ يەرلەردە يەرلىك قەدىمكى ئاھالىگە ئۇلبا ئىرقىنىڭ ئامىللىرى سىڭىپلا قالماستىن، بەلكى تا ھازىرغا قەدەر ئۇلبا ئىرقىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەسلى ئاھالە ــ تاجىكلار ھېلىمۇ مەۋجۇت.

# 6. ئاخىرقى سۆز

سۆز مۇشۇ يەرگە يەتكەندە، مەن هايۋان دەپ ھېسابـ لىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى، ئۇنىڭ ئارقىدىنلا ئالاھىدە هايۋان دەپ ھېسابلىنىدىغان ئەڭ ئىجتىمائىيلاشقان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋە ئاخىردا بىز جۇڭگولۇقلارنىڭ پەيدا بولۇشىمىزنى بىرقەدەر ئەتراپلىق ھەم ئاددىي رەۋىشتە تونۇشتۇرۇپ بولدۇم.

بۇ تونۇشتۇرۇشلار ئارقىسىدا بىز نېمىلەرنى چۈشەندۇق؟

بىزنىڭ ئادەم ئۈستىدە توختىلىشىمىز، ئەمەلىيەتتە جەمئىيەتـ تىكى ئادەم ئۈستىدە توختالغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىيەت دېمەك ئىنسانلار جەمئىيىتى دېمەكتۇر. ئىنسانلار جەمئىيىتى يەككە ئادەملەرنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ، ئادەم ھەم هايۋاناتلار دۇنياسىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، ھەم ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەچكە، بىز ئادەمنى تار مەنىدىكى، ئادەتتىكى هايۋان دەپلا قارىيالمايمىز، جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىدىن ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىزدىشىمىز كېرەك.

ئادەم — ئاڭلىق پائالىيەتچانلىقا ئىگە بولغان، ئەڭ ئىجتىمائىيلاشقان هايۋان، بۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، ئادەم جانلىق مەۋجۇداتلىق ۋە ئىجتىمائىيلىقتىن ئىبارەت ئىككى ياقلىمىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، شۇڭا ئادەمنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىككى قىسىم تارىخى بولىدۇ:

ئادەمنىڭ تەبىئىي تارىخى — بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىمىز مۇ هايۋان هېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئىبارەت. ئۇ هەم ئىرقنىڭ تەرەققىيات تارىخى، يەنى ئومۇمىي جانلىق مەۋجۇداتلار (ئاساسەن ئومۇرتقىلىق هايۋانلار) شەجەرىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخى (بېلىقتىن ئادەمگە ئايلىنىش)، هەم ئادەملەر شەجەرىسىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىدىن («قەدىمكى مايمۇندىن ئادەمگە ئايلىنىش») ئىبارەت مۇشۇ ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئىككىسى ئاساسەن تەن هالىتىنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ، دەرۋەقە، كېيىنكى باسقۇچ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ ئۇندۇرمىسىنى ۋە هاسىل بولۇشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ يەردە قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچىنى ئالاهىدە تەكىتلەشكە ئەرزىيدۇ.

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇندىن ئادەمگە ئۆزگىرىشىنىڭ ئۆتكۈنچى باسقۇچى ئىنسانىيەت ئەجدادىنىڭ — قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلار تۈپىنىڭ تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئاخىرلىشىشى، شۇنداقلا ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ هېساب-

لىنىدۇ، جۈملىدىن بۇ باسقۇچ "ئىنسان تەبىئىتى" ئامىلى پەيدا بولغان، ئەمما "ھايۋان تەبىئىتى" ئامىلىدىن تېخى تولۇق قۇتۇلۇپ بولالمىغان باسقۇچ سانىلىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلار توپىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك مۇناسىۋىتى ئۈزۈۋېتىلمىگەن تەقدىردە، بۇ باسقۇچ جەزمەن ئىنسانلارنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈشى شەرت!

ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئالاھىدە ھايۋان دەپ ھېسابلىنىدىغان ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تارىخى ئادەمنىڭ ماھىيەتلىك ئالامەتلىرىگە ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ، يەنى بۇ ئۇلارنىڭ رېئاللىققا قارىتىلغان سۆز بولۇپ، بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىمۇ مۇنۇ ئىككى جەھەتتىكى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى "تارىختىن ئىلگىرىكى تارىخ"، بۇ ئىپتىدائىي ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى، يەنە بىرى "يازما تارىخ" ياكى "تارىخ" بولۇپ، ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئىپتىدائىي ھالەتتىن قۇتۇلۇپ سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغان جەمئىيەت تەرەققىياتى تارىخى يەنى يېزىپ قالدۇرۇلغان تارىختىن ئىبارەت. ئىنسانىيەت ماھىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەن ھالىتى تەرەققىيات سەۋىيىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تېپىپلا قالماستىن، ئادەمنىڭ ئىجتىمائىيلىقى ۋە كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىپادە شەكلىنىڭ تەرەققىيات ھالىتىدىمۇ ئالاھىدە ئۆز ئىپادى-

سىنى تاپىدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئىزدىنىشلەر ئارقىلىقلا، ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىغا بولغان تونۇش تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. بىراق بۇنى مۇشۇ كىتابتا پۈتۈنلەي چۈشەندۈرۈپ كەتكىلى بولمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن "ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى"نى ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

مۇشۇنداق بولغاندا، بىز ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي تارىخى ۋە ئىجتىمائىي تارىخى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئومۇمىيۈزلۈك تەتقىقات ئارقىلىقلا (ئادەملەرنىڭ تەن ھالىتى تەرەققىياتى سەۋىيىسىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ جەمئىيەتتىكى كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىپادە شەكلىنىڭ تەرەققىيات ھالىتىدىن، جۈملىدىن ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن ئىشقا كىرىشىش كېرەك)، ئادەمنىڭ پەيدا بولۇشىنى تېخىمۇ ئەتراپلىق چۈشىنەلەيمىز، شۇنىڭدەك مۇئەييەن چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالايمىز!

بۇ يەردە يەنە شۇ نەرسە ئۈستىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بۇرۇن ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابلار ھۆكۈم چىقىرىلغان نەرسىلەرنى تونۇشتۇرۇشقا خۇشتار بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارغا ھەتتا قارىمۇقارشى بولغان نۇرغۇن پىكىرلەرگە سەل قاراپ، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنى ناھايىتى ئاددىي، تەخمىنىي جەريان دەپ قارىدى. ئەمەلىيەتتە، قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتىغا، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ،

ئەھۋالنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەسلىكى بايقالدى، نۇرغۇن نەرسىلەر ئۈستىدىن "چىقىرىلغان ھۆكۈم" ھەقىقىي "ھۆكۈم" بولماي قالدى، ئۇلار ئۈزلۈكسىز تۈزىتىلمەكتە ۋە تەرەققىي قىلماقتا، بۈگۈنكى "ھۆكۈم"مۇ يېڭى ماتېرىياللارنىڭ بايقىلىشى بىلەن ناھايىتى تېزلا ئۆز كۈچىدىن قالىدۇ. شەخسنىڭ ئىلمىي كۆز قارىشىمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بارىدۇ. شۇڭا بۇ كىتابتا بەزى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى ئوخشاش بولمىغان كۆز قاراشلارنى ۋە پۈتۈنلەي ئەكسىچە بولغان قاراشلارنىمۇ تونۇشتۇردۇق. مېنىڭچە، بۇ ھال شەيئىلەرنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتمەيدۇ، كىتابخانلارنى تېخىمۇ كۆپ ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ شۇلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ، مۇھاكىمە قىلىشىنى زۆرۈر تاپىدۇ. پەن-تېخنىكا ئەسەرلىرى كەڭ كىتابخانلارغا پەن-تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، ئىلىم-پەن مېتودولوگىيىسىگە دائىر يەنە بىر قىسىم نەرسىلەرنىمۇ تونۇشتۇرۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندا بىر تەرەپلىمىلىك بولۇپ قالمايدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، بېيجىڭ تەبىئەت مۇزېيىغا قويۇلغان ئىنسانلارنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆرگەزمە مۇشۇ كىتابتا تونۇشتۇرۇلغان مەزمۇن بويىچە قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلماقچى، بۇنداق بولغاندا كىتابخانلارغا تېخىمۇ ئوبرازلىق ماتېرىياللار تەقدىم قىلىنىدۇ، ئۇنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشقىزلارنى قارشى ئالىمىز.

ئاخىردا، شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتەيكى، بۇ كىتابنى يېزىش جەريانىدا ئۆزەمنىڭ بۇرۇنقى مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىم بىلەن ئىلمىي لېكسىيەلىرىمدىن پايدىلىنىپلا قالماستىن، يەنە بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيى (تەبىئەت تارىخىي قىسمى) ئەۋەتكەن ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشىغا دائىر «ئادەمنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات جەريانىدىكى ئورنى» دېگەن كۆرگەزمە رەسىملىرى توپلىمى، ئامېرىكا ۋاشىنگتون داشۆسىنىڭ پروفېسسورى كرانىس ئەۋەتكەن «ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى» ۋە «ئىنسان- لارنىڭ پەيدا بولۇشىغا دائىر كۆرگەزمە تېزىسلىرى» قول ياز- مىسىدىن پايدىلاندىم، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈيۈك بىرىتانىيە مۇزېيىغا ۋە پروفېسسور كرانىسقا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

www.uyghurkitap.com

本书根据本社 1986 年 12 月第 1 版北京第 1 次印刷汉文版本翻译出版。
بۇ كىتاب نەشرىياتىمىز تەرىپىدىن 1986-يىل 12-ئايدا نەشر قىلىنغان خەنزۇچە 1-نەشرى بېيجىڭ 1-باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

تەرجىمە تەھرىرى: باباخان
مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم
مەسئۇل كوررېكتور: ھەمرا ھاسىل

پەننىي بىلىمگە دائىر كىتابچىلار
**ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى**
يازغۇچى: جۇ گوشىڭ
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلىدۇ
يىخۇي باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1988-يىل 8-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1998-يىل 3-ئايدا بېيجىڭدا 2-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 5.00 يۈەن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

图书在版编目(CIP)数据

人之由来:维吾尔文/周国兴著;奥斯满译.—2版.—北京:民族出版社,1998.4

ISBN 7-105-03068-2

Ⅰ.人… Ⅱ.①周… ②奥… Ⅲ.人类-起源-普及读物-维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.Q981.1-49

中国版本图书馆CIP数据核字(98)第03777号

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街14号
邮编:100013　电话:010-64228007)
艺辉胶印印刷厂印刷　各地新华书店经销
1988年8月第1版　1998年3月北京第2次印刷
开本:787×1092毫米 1/32 印张:5.25
印数:1,001—6,000册　定价:5.00元

ISBN 7-105-03068-2

9 787105 030682 >

ISBN 7-105-03068-2/G·313
民文（藏25）　定价:5.00元